
# ئۇيغۇرستان


Wetinim Uyghur Munbiri
ۋەتىنىم ئۇيغۇر مۇنبىرى
ئېلكىتاپلار
2011
5
www.wetinim.org


Abdughopur Qutluq
www.wetinim.org


PRESIDENT Panorama Terrace
www.wetinim.org
Free the Wild Pigeon
"Nurmuhemmet Yasin"
Xelqara Uyghur Qelemkeshler Merkizi ezaliri

# ئىلاۋە

ئەسسالامۇئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك قېرىنداشلىرىم:

تۆۋەندىكى داستان ئاتاقلىق شائىر ئابدۇغوپۇر قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ ئەسىرى بولۇپ، ئەسەر گەرچە *1973* ـ يىلى يېزىلغان بولسىمۇ، ھازىر ئوقۇغىنىڭىزدىمۇ بىر يېڭىلىق ھېس قىلىسىز. ئەسەر ئەدەبىيلىكى ۋە بەدىئىلىكى جەھەتتىن ئوقۇۋاتقان ھەر بىر ئوقۇرمەننى ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ. ئەسەرنىڭ سۆزى ئاممىباب، چۈشىنىشلىك ۋە بەكمۇ تەسىرلىك، يېزىلىش ئۇسۇلىمۇ ئۆزگىچە .

بولۇپمۇ ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقىغا تەشنا بولۇۋاتقان ھەربىر ئۇيغۇر يىگىتنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ ھەم ئىختىيارسىز ھالدا ۋەتەن سېغىنىش ھېسياتىغا چۆمدۈرىدۇ...... سىز بىر تەرەپتىن ئوقۇۋېتىپ ئۆزىڭىزنى باسالماي يىغلاپمۇ كېتىسىز.... ئەسەر ئۇيغۇر يېقىنقى زامان تارىخنى ئەدەبىي جەھەتتىن شېئىرى داستان ئارقىلىق نامايەندە قىلىدۇ.

ئەسەر ئەسلىدە كىرىل يېزىقىدا يېزىلىپ ئالمۇتادا نەشىر قىلىنغان ئىكەن. مەن بۈنى ، ئاپتور ئابدۇغوپۇر قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ رۇخسىتى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كونا يېزىقىدا بىر ـ بىرلەپ كومپيۇتېرغا ئېلىپ قايتىدىن نەشىر قىلىش ۋە ۋەتىنىم تورىنىڭ مۇكاپاتلىق ئەسەر تىزىملىكىگە كىرگۈزۈش مەقسىتىدە خالىسانە ئىشلەپ مۇشۇ ھالغا كەلتۈردۈم....

كومپيۇتېرغا ئېلىش جەريانىدا خاتالىق كۆرۈلسە ، ئەسلىدىكىسىنى ئاساس قىلسا بولىدۇ.

ھۆرمەت بىلەن :

ئابدۇرېشىت ھاجى كېرىمى

شۋېتسىيە ـ ستوكخولم

*2011* ـ يىل *03* ـ ئاينىڭ *30* ـ كۈنى

# ئۇيغۇرستان

(تارىخىي داستان)

ئاپتورى:  ئابدۇغوپۇر قۇتلۇق

## مۇقەددىمە

ئۇيغۇرستان، ئونىمىڭ  ياشلىق  ئاقۋاش ئانامسەن،
سەن ئانامسەن، گەر بولمىسا دىلدا يانامسەن؟
ئۇيغۇرستان - كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن  تۇپراق،
سەندىن كېچىپ ياشىغاندىن  ئۆلگەن ياخشىراق.
ئۇيغۇرستان، پەرزەنتىڭمەن، شوخ بەڭۋاشلىقىم،
چاچلىرىڭنى ئاقارتقانغۇ، ئانا، ياشلىقىم.
ئاسالمىدىم تىل تەگمىسۇنچۇن تۇمار بوينۇڭغا.
قانچە قىلسام تارتىپ  تۇردۇڭ ئىسسىق قوينۇڭغا.
ئانا قەدرىن بىلمەيدىكەن  ئانىسى بارلار،
قەدرىن بىلەر دىلدا مەندەك يارىسى بارلار .
ئۇيغۇرستان دېسەم سېنى كېچىپ  بۇ جاندىن،

كۆز ئالايتتى گېزەندىلەر ماڭا ھەر ياندىن .
ئۆزۈك ئانا تۇرساك ماڭا، ئانا دېمىسەم،
قانداق ئوغۇل بولاي ساڭا ، غېمىڭ يېمىسەم .
سېنى ئانا دېگەنلىكىم بولدى « گۇناھىم«،
ئانامدېڭغۇ سەن غەمگۇزار ، غەمكىن مۇلايىم .
ساڭا كۈلۈپ باققان چاغدا كۈتكەن ئازادلىق ،
ئەپسۇس ، ئاڭا ئىگە چىقىپ ، قىلدىڭغۇ ياتلىق .
بىزمۇ ئادەم ، تەك ياشايلى كۆپنىڭ قاتارى ،
تۈنى بارۇ ، كۆرۈنمەيدۇ ھېچ تاڭ ئاتارى ـ .
دېگەچ بالاڭ ،ئايرىۋەتتى ياۋلار سېنىڭدىن ،
كەچۈر ئانا گۇناھ ئۆتكەن بولسا مېنىڭدىن .
بۇ پەلەكنىڭ كاژلىغىدىن بولدۇم مەن جۇدا،
ئەجدادىمدىن ئۇدۇم ئىكەن سەرسانلىق سەۋدا .
ئالتاغنىڭ ئېتىكىدە ياشاۋاتىمەن .
ئەمما ، سېنىڭ يادىڭ بىلەن ياشاۋاتىمەن .
پەرۋاز قىلاي دېسەم ، بىر چاغ سۇنغان قانىتىم ،
قوشنا ئەلدە تەلەي تاپتىم ، باركەن ئامەتىم .
بۇندا كۆردۈم مەن تەڭلىكنىڭ زور تىمسالىنى ،
بۇندا كۆردۈم مەن ئەركىنلىكنىڭ ھۆر ۋىسالىنى .
قەلبلەرگە قېرىنداشلىق ، دوستلۇق دىلغا يار،
نېمە ئارمان بولسا ئادەم ئازاد بەختىيار .
كەچ كۈزدىمۇ ياشناپ تۇرار بۇ قازاقىستان ،
گېرىبى ، گىمنى ، بايرىقى بار ، تەرىپى داستان .
كونا شەرق ئاسمىنىدا پارلىغان مەشئەل ـ
ئۆزبېكىستان ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ھەل قىلار ھەل .
قىرغىزىستان ئېتىكى كەڭ ، قوينى ئىسسىق يۇرت ،

ئالتاغنىڭ تاشلىرىدىن تاپماقتا ياقۇت .
نۇرغا چۆمگەن تاجىكىستان ، تۈركمەنىستان ،
بار بەختىدىن گىلەمگە گۈل باسقان گۈلىستان .
ئۇيغۇرىستان ، يان قوشناڭنىڭ تەلەي ، بەختى بار،
ئايخانىغا يول ئالدى كۆڭلى قىلسا ئىختىيار.
ئۇيغۇرىستان ، سەن تومۇزدا كۈن نۇرىغا زار،
باغلار قۇرۇپ قاقشال بولدى ، كۆپەيدى مازار.
قانداق ئۇنىتاي ، ئېيتقىن ، ئانا، پۈتمىسە دەردىڭ ،
ئىگراۋاتسا ئون بەش مىليون مەزلۇم پەرزەنتىڭ .
قانداق ئۇنىتاي ، سەن يىغلىساڭ ، ئانا كۈلەيمۇ؟
ئىشقىڭ يېنىپ تۇرسا تەندە، كۆيمەي ئۆلەيمۇ؟
ئۇيغۇرىستان - كىندىك قېنىم تامغان گۈلبوستان .
ئاتىلىسەن ئەزەلدىنلا ئەل ئۇيغۇرىستان!
ئۇيغۇرىستان ! مەن قويمىغان، ئەجداد قويغان نام،
"شىنجاڭ" دېدى پاك نامىڭنى بۇلغاپ بىر بەتنام.
ئۇيغۇرىستان - بۇ تەۋەررۈك تارىخ بەرگەن تاج ،
ھەر كىم نامىن ئۆزگەرتىشكە ئەمەس ئۇ موھتاج ...!
ئۇيغۇرىستان دېسە بەشمىڭ يىل بويى خەلقى ،
ھەركىمنىڭ ھەم ئۆزگەرتىشكە ھەققى يوق، ھەقىقىي!
ئۇيغۇرىستان دېيىش ئۈچۈن چەك قويىدى كىملەر؟
ئۇنى بىر مەن ، ئۇنى بىر سەن ، بىر تارىخ بىلەر!
ھەر كىم دېسە ھەقلىق ئىكەن يۇرتۇم ۋەتىنىم ،
نېچۈك دېمەي ، مىنىڭ ئېلىم - ئۇيغۇرىستانىم!
نېچۈك دېمەي ، ئۇيغۇرىستان - مىنىڭ بوستانىم
نەۋباھاردا غازاڭ بولغان گۈل ـ گۈلىستانىم!
ئۇيغۇرىستان ، ئۇنتۇغىنىم ـ شۇغۇ ئۆلگىنىم ،

سەن يىغلىساڭ ، كىمگە كېرەك مىنىڭ كۈلگىنىم؟
ئانا، سەنچۇن مەن كۆيمىسەم ، كۆيمىسە يۈرەك ،
يۈك بوپ قالغان ئۇنداق يۈرەك كىم ئۈچۈن كېرەك!
يادىڭ بىلەن ياشىرىمەن، ئۆرە يۈرىمەن،
بار بەختىمنى ياتتىن ئەمەس ، سەندىن كۆرىمەن.
ئۆز بەختىنى ئۆزگىلەردىن كۈتۈش - خاتالىق!
مىڭىڭمۇ بويۇم بارغۇ خەقلەر قاتارلىق.
مەن پەرىشتە جاھان ئەھلى بەندە دېمەيمەن،
باشقىلارغا بەخت قۇشۇم سەندە دېمەيمەن.
بەختىم سەندە ، ئەي غەمگۇزار، ئىشقىڭ بۇ تەندە،
گادايمچۇ شاھ سېزەركەن ئۆزىن ۋەتەندە!
ھەركىمگە ھەم ئەزىز كىندىك قېنى تامغان يەر،
كۆرۈنىدۇ توپىسى - زەر، تاشلىرى - گۆھەر
دەر ھەقىقەت، ئۇيغۇرىستان ئۆرتەنسە ئوتتا،
راۋا بولماس، غېمىڭ يېمەي يۈرسەم بۇ يۇرتتا.
ياشىمىساڭ قەلبىمدە سەن، گاداي بولاردىم،
بۇ چاققىچە ئەزىز جاندىن ئادا بولاردىم.
ياشىمىساڭ قەلبىمدە سەن، ياشىماق شەرتمۇ،
سەنسىز ياشاپ چىدالىغان قەلب يە مەردمۇ؟
"ئۇنتۇ" ـ! دېسە.ئۇنتۇيدىغان ئەخمەق ئەمەسمەن،
سۈركۈپ قويسا، ئوت ئالغىلى چاقماق ئەمەسمەن.
"ئۇنتۇ"! ـ دېسە،ئۇنتۇر قەلبى ئۆلۈكلەر،
تېلى تىرىك جان باقارلار، دىتسىز سۆلۈكلەر.
"ئۇنتۇ"! - دەيدۇ، ئەل قەدرىنى بىلمىگەن بۇتلار،
"ئۇنتۇ"! -دېسە، ئۇنتۇ دەيدۇ تۆتى ھاڭگۇتلار
"ئۇنتۇ"! ـ دېسە، ئۇنتۇماقلىق كىم ئۈچۈن ھاجەت؟

ئۇيغۇرىستان سورىمىسا ئۇنىدىن خىراجەت .
ئۆز ئانىسىنى ئۇنتۇغانلار ئۇنىتار ئۆزگىنى ،
قورساق غېمى ئۆزگىلەرگە ئۇنىڭ تۈزگىنى ..!
ئۇنتالىغان ئەخمەقلەرگە كۈلگۈم كېلىدۇ ،
ئۇنى كۆرسەم، كۆڭلۈم ئاينىپ ، ئۆلگۈم كېلىدۇ .
قەدىرلەيمەن ۋەتەن دەردىن تارتىپ ئۆلگەننى ،
مەن بىلەن ئۆلگەنلەرگە قاراپ كۈلگەننى!
كۈلگەنلەرنىڭ ئۈستىدىن كۆپ دادىم ـ ئەرزىم بار،
ئۆلگەنلەرگە تا ئۆلگۈچە بۇرچۇم قەرزىم بار.
ئەل ئىشقىدا ئۆرتەنگەنگە قۇل بولسام مەيلى ،
مەن ۋەتەننى ئانا دېدىم شۇلار تۈپەيلى .
شۇڭا ماڭ « ئۇنتۇ»! ـ دېسە ، ئۇنتۇماس قەلبىم ،
ئۇنتالسام ، كۆيۈپ كۈلى سورۇلسۇن قەبرىم .
ئۆز ئانىسىنى ئۆگەي كۆرۈپ ، تاپقان تاپاۋەت ،
ئەل ئالدىدا كەلتۈرمەيدۇ ھەرگىز ئىناۋەت .
توۋا دەيمەن ، ياقام تۇتۇپ ھەيران بولىمەن ،
چۈشىنەلمەي تارىخ سىرىن ، ۋەيران بولىمەن .
ئۇيغۇرىستان ، تارىخ ساڭا ياكى ئۆگەيمۇ؟!
سېنىڭ دەردىڭ دېمەيمۇ ھېچ بىر تۈگەيمۇ!
بارمۇ تارىخ ئالدىدا يە سېنىڭ گۇناھىڭ ،
قىيامەتكە قالارمۇ يە سېنىڭ داۋايىڭ؟!
ماڭا نېسىپ بولمىدى ھېچ كۆرۈش بەختىڭنى ،
كىملەر ئىدى تارتىۋالغان تاجۇ - تەختىڭنى؟
تەڭشەلمىگىنىڭ تەس ئىكەنغۇ، ئەي ، كونا دۇنيا،
كۆرمىدىڭغۇ ئۆز يۇرتۇمغا تەڭلىكنى راۋا.
تۈنۈگۈنلا تۇغۇلغاننىڭ تەلىيى كۈلسە،

مەن ھەيرانمەن ،قەدىمىيلەر بوغۇلۇپ ئۆلسە .
نېچۈك ھەيران بولماي ، ئۇنىڭ بولمىسا مۆرى .
بىر چاغلاردا ئۇنىڭ ئىدى جاھاننىڭ تۆرى .
مەن ھەيرانمەن ، « زامان زورنىڭ» ـ دېگەن گەپ راستمۇ؟!
ياكى ئېلىم سەددىچىنگە قالغان مىراسمۇ؟!
قۇتۇلدۇرۇپ ماۋ خانلىغىن ئاچلىق بالادىن ،
نېمە خورلۇق كۆردۈم ، ئېلىم ، كۆڭلى قارادىن؟!
مەن ھەيرانمەن ، ئېلىم تۇرۇپ ، ئېلىم دەممىسەم ،
ئۇيغۇرستان - ۋەتىنىم ئۇ ـ جېنىم دەممىسەم .
بولماس ئۇندىن ئارتۇق خورلۇق ، ھەسرەت يە دەردمۇ ،
يە ۋەتەنسىز بۇ ئالەمدە ياشىماق شەرتمۇ؟!
سېنى كۈيلەش ، ئانا تۇپراق ، بۇرچۇم ئەمەسمۇ ،
سەۋەب سەندىن بولغان ئىدىم ئۇچۇم ئەمەسمۇ .
ماختاپ ـ ماختاپ سۈتخورلاردەك سېنى ساتمايمەن
بارىڭنى بار دەيمەن ، ھەرگىز يوقنى قاتمايمەن .
ئادەممەنغۇ ، يارىشىدۇ قۇۋلۇق تۈلكىگە
يوقنى باردەپ ، قالغان يامان مازاق كۈلكىگە ...
پۈكۈلمىگەن تالاي غوۋغا ، تالاي يېغىدىن .
سېنىڭ بويۇك كۆرۈندۇ تەڭرى تېغىدىن .
قۇش ئۆتەلمەس ئاسمان تېغى - سېنىڭ يۈرىكىڭ ،
قات ـ قات مۇزدىن پۈتكەن تېنى تىلسىم كۆرۈكۈڭ .
باتۇرلارنى سىنىغان شۇ سىرلىق داۋانلار ـ
"سىرات" كۆرۈك بولغان ئىدى ئۆتسە كارۋانلار .
ئىلى ، تارىم ئىككى ئۆرۈم چېچىم مېنىڭكى ،
دېسەك ، شەھلا كۆزۈك ـ لوپنۇر ، سايرام سېنىڭكى .
ئۆركەشلىنىپ ئاقسا ئىلى باش چۆكەرگەنمەن ،

بەختىم سىناپ تالاي قېتىم تاش چۆكەرگەنمەن .
بىلمەپتىمەن ، بەختىمنىڭ تۇتاشلىقىنى ،
بىر كۆزۈڭ قان ، بىر كۆزۈڭنىڭ لىق ياشلىغىنى .
بىلمەپتىمەن ، ئۇنچە ئىكەن تۆككەن ياشلىرىڭ ،
تىللا ئىكەن تاغدىن قاڭقىپ چۈشكەن تاشلىرىڭ .
سېنىڭ ئۈزۈن كىرپىكلىرىڭ ئىكەن قارىغىيىڭ .
رەقىب كەلسە ئوقيا ئىكەن ھەتتا ئىرغىيىڭ .
بىلمەپتىمەن ھاۋارىڭنىڭ شىپالىقىنى ،
گۈلۈڭ تۈگۈل گىياھلىرىڭ ئىپارلىغىنى .
تەمى باردۇر تىللىرىمدا بۇلاقلىرىڭنىڭ ،
دېمى باردۇر دىمىغىمدا شىۋاقلىرىڭنىڭ .
سىماب سۈيۈڭ كونىلارنىڭ « زەم ـ زەم » دېگىنى ،
بىلمەپتىمەن بالىلىقتا زەمزەملىگىنى
بىلمەپتىمەن قەلبىم ساڭا خۇمارلىقىنى ،
سېنىڭ ئىشقىڭ بوينۇمدىكى تۇمارلىغىنى .
ئاق كۆڭۈلسەن . ئانا ، ئاپئاق سۈتۈڭ مىسالى ،
بۇ ئالەمگە گۈزەللىكنىڭ ئۆزۈڭ تىمسالى .
شۇڭلاشقىمۇ كۆز ئالايتتى كۆپلەر ۋەسلىڭگە ،
شۇڭلاشقىمۇ قەست قىلىشتى باتۇر نەسلىڭگە .
گۈزەل ھۆسنىڭ ئۆز - ئۆزۈڭگە بوپ قالدى دۈشمەن ،
مەن ھەيرانمەن ، گۈزەلگىمۇ بولاركەن ئۆچمەن .
بۇ جاھاندا جەننەت بولسا ، ساڭا يېتەلمەس ،
شۇڭا بۇلبۇل باغلىرىڭدىن ئەگىپ كېتەلمەس .
بەختىيارمەن كىندىك قېنىم بىر ساڭا تامغاچ ،
مېھرىڭ بىلەن ئىسسىنىمەن بولسام يالىڭاچ ،
كېرەك ئەمەس ماڭا شاھلىق ، ماڭا ئالتۇن تاج ،

شائىر قەلبى شان - شۆھرەتكە ئەمەسقۇ موھتاج .
بەختىيارمەن ساڭا پەرزەنت بولغىنىم ئۈچۈن ،
بىئىشقىڭ بىلەن ئۆرتەنگىنىم ، سولغىنىم ئۈچۈن .
بەختىيارمەن ، سەۋەب سېنىڭ زور غورۇرۇڭ بار ،
توش دەۋرىدىن تارتىپ تارىخ ئۆزرە ئورنۇڭ بار .
مەن بىلىمەن تارىختىكى ئۇلۇقلىغىڭنى ،
شەرقىي يېرىم شارنى بويلاپ نۇرلۇقلىغىڭنى .
تارىخىڭنى تىلغا ئالسام شۇنچە مەغرۇر مەن ،
بۇئالەمدە ئەڭ قەدىمىي نەسلى ئۇيغۇرمەن .
ئۇيغۇر دېسە ، ئىپتىدائىي ھونلار بىلىدۇ ،
ئۇ تارىخى قەلبنى تۇتاش خۇنلار بىلىدۇ .
ئالتاي بويلاپ ئۆچمىگ يىلچە ياشىغىنى راست ،
تۆمۈر ئىشلەش بۇ دۇنياغا خەلقىمدىن مىراس .
مېنىڭ خەلقىم بەشبالىقتا ئولتۇراقلاشقان ،
مۇنبەت قارا چىلان يەرگە ئۇ ئۇرۇق چاچقان .
شۇڭلاشقا خەلقىمگە زور قەلبىمدە ئىخلاس ،
تەلىيىنى تەردىن تېپىش ئەجدادتىن مىراس .
مېنىڭ ئېلىم ئەزەلدىنلا كۆچمەن ئەمەستى ،
بىغەرەز دوست ـ قوشنىلارغا ئۆچمەن ئەمەستى .
ئەمگەكچان ئەل تەييار تاپتىن قىلار زور پەرق ،
ئۇيغۇر دېگەن - ئۆزى تېپىپ يەيدىغان خەلق ..
ئۇيغۇر دېگەن - ئاق كۆڭۈل خەق ، كېلەر مۇلايىم ،
بۇ پەلەكنىڭ گەردىشىدىن چېكىدۇ ۋايىم .
ئۇيغۇر ئىلى ئىككى ئەسىر بولدى ، ئۆڭمىدى ،
مەن ھەيرانمەن ، گۇناھىمىز شۇنچە چوڭمىدى؟
نېچۈك ھەيران بولماي ، دوستلار ، بىۋەتەن بولسام ،

ئۆلسەم ياقا يۇرتلار ئارا بى كېپەن بولسام.
نە سەۋدالار ئۆتتى مسكىن بۇ ئەزىز باشتىن،
جاپا چەككەن گۆھەر ئالار دەيدىغان تاشتىن.
جاپا چېكىپ ، زەرەر تاپتى، ھېچ زەر تاپمىدى،
ئۇيغۇرستان ئەل قاتارى نەزەر تاپمىدى.
قوشنىسىنىڭ ياۋلىغى شور پېشانە قىلدى،
بەش مىڭ يىلچە ئېلىمنى ئوق - نىشانە قىلدى.
بۇ تەقدىرنىڭ تەتۈرلۈكى بەك ھار كېلىدۇ،
پەريادىغا يەتتە ئىقلىم ھەم تار كېلىدۇ.
ئەللەر كۈلسە، ئۇيغۇرستان ئىڭرايدۇ ئۈنسىز،
ئۆتەرمۇ ئۇ كۈلىدىغان خۇشاللىق كۈنسىز.
ئۇ يىغلىماي كىم يىغلىسۇن، شادلىق غەم بولدى،
بىر كۈندە كۈلكە بولسا، بىرى نەم بولدى.
ئې يىغلىماي كىم يىغلىسۇن قارا بەختىگە،
چىراغ ياقار تېپىلمىسا تاجۇ - تەختىگە.
ئاڭلاپ، تۇرۇپ جور بولمىسا جاھان ئۈنىگە،
يېتەر ئاخىر ، ئۇ يىغلىماي قارا كۆنىگە.
مەزلۇم ئەلنىڭ بولمامدۇ يە بىر مۇددىئاسى،
يە دۇنيانىڭ تەگشەپ تۇرغان يوقمۇ خۇداسى؟!
بولمىسىغۇ باشلانغان چاغ ھونلار زامانى،
ئۇيغۇرستان شان - شۆھرىتى باسقان سامانى.
مىلادىدىن بۇرۇن ئۇيغۇر ئاتلىق جەڭ قىلغان،
زىمىنىگە كىرگەنلەرنىڭ ھالىن تەڭ قىلغان،
ئورخۇن بويى گۇۋاھ ئاڭا -ئۇشبۇ سۆزۈمگە،
ياۋ قادىلىپ قارالمايتتى بىر چاغ كۆزۈمگە!
ياۋنى كۆرسە بۆركۈت بولۇپ ئېتىلغان خەقنى.

"ئۇيغۇر" ـ دېدى شاھ ئوغۇزخان ئالغان پەيت تەختنى .
مەن ئۇيغۇرنىڭ تارىخنى پۈتسەم قەلەمدە ،
گاھ شادلىنىپ ، گاھ سىقىلار قەلبىم ئەلەمدە .
شاتلىنغىم شۇ: تېلىم ئۇزۇن تارىخ ئالدىدا ،
ھەسرىتىم شۇ : ئۇيغۇرستان قالدى دالدىدا!
مىڭ ئۆيدەك زور تىلسىماتنى بىنا قىلغان ئەل ،
تەقدىرنى گېزەندىلەر قىلىشماقتا ھەل .
تۈش دەۋرىدە مەشھۇر خەلق ، ئاثلاڭ خالايىق ،
نېچۈك ئەمدى ئۆز ئەركىگە ئەمەسكەن لايىق؟!
مەشھۇر ھونلار ئۇيغۇرلارغا تۇرغاندا تالىق ،
قەدىملىكى ئۈچۈنمۇ يە بۇنچىلا خارلىق؟!
قارىقۇمنىڭ ئاچچىق يېشى - ئورخۇن دەرياسى ،
مىلادىدىن بۇرۇن بولغان خەلقىم پاناسى .
ئەي يارەنلەر، بۇ سۆزۈمنى دېسەڭلار چاغلىق ،
سۆزلەپ بېرەي بىر ھېكايە ئۇيغۇرغا باغلىق .
تىلغا كىرسە رەشىدىننىڭ تارىخ كىتابى ،
يۈرىكىڭگە مۆر باسار ئوتلۇق خىتابى:
بالاغەتكە يەتكەن چاغدا جەسۇر ئوغۇزخان ،
ئاڭا جان ئىزدەپ ھەريان كەزگەن قارىخان .
قۇزخان ئوردا ئەڭگەندى ئاڭلاپ بۇ ھالنى ،
بىر دۇئاغا بەرمەك بولۇپ ساھىبجامالنى .
تەخت تېگىدۇ مەغرۇر قۇرخان پۈكۈپ تىزىنى ،
ئوغۇزخانغا ئاتىغانتى ئايدەك قىزىنى .
ئىككى گۈزەل شاھزادىگە بولسا پەرۋانە ،
پەرۋا قىلماي ياشىغانىكەن يەككە - يېگانە .
شاھزادىنىڭ كۈندەشلەرگە يوقكەن خاھىشى ،

مەلىكىلەر مەڭزىن يۈيار ئىكەن كۆز يېشى .
خۇمار كۆزلەر ئۇزۇن تۈنلەر تەلمۈرسىمۇ زار،
بوپ ئىنتىزار ئوغۇز ئىشقىن قىلماسكەن ئىزھار.
دىل سۆيمىسە ياشىماقنىڭ يوققۇ كېرىگى ،
بىر پەرىگە كۆيەر ئىكەن ئاشىق يۈرىگى .
ئەرنى يېرىم خۇدا چاغلاپ ، بەرگەچكە ۋەدە،
پەرىزاتنى قۇچىقىغا ئاپتۇ شاھزادە .
ئىككى كۈندەش قاڭقىر قاقشاپ، بېرىپ قازىغا،
تويىنى ئۇلار ئايلاندۇرماق بوپتۇ ھازىغا.
ئۆز دىنىدىن ئاينىدى دەپ ، چاپلاپتۇ تۆھمەت ،
ئەمدى كەلدى پەيتىمىز دەپ ئەرگە بىھۆرمەت .
ئوغۇزخاننى ئۆلتۈرۈشكە قىلىپتۇ ئەمىر ،
ھۆكۈم ئىجرا بولغۇچە چوڭ تۇتۇشۇپتۇ سىر .
پەرىزاتقا ئەرگە بولغاچ ئىخلاس - ئەقىدە ،
بۇ چوڭ سىردىن ئاگاھ بوپتۇ تۈندە شاھزادە .
دوستلىرىنى يىغىپ ئوغۇز ، قىلىپ قەسەمياد ،
قارىخانغا قارشى تاڭدا باشلاپتۇ غازات .
كۈن پاتقىچە تىغ ئۇرۇشۇپ ، پالۋانلار ھاردى ،
زۇمرەت ئۈپۈق ئۇلار تۆككەن قاندىن قىزاردى .
قارىخاننىڭ مۇرىتلىرى قاچتى پىتىراپ ،
ئوغۇزخاننىڭ تۇتقان تۇغىن قىلماي ئېتىراپ .
تاغلار ئېشىپ مەشرىق تامان ئورناشتى ئۇلار ،
ئاشۇلارنىڭ ئەۋلادى ئوت يۈرەك موڭغۇللار .
بەخت قۇشى قونغاچ غالىپ خاننىڭ غولىغا،
سايرامدىن تا تالاسقىچە كىردى قولىغا.
ئالتۇن چېدىر تىكىپ ئوغۇز تويىنى قىلدى زور،

غالىپ تۇغقا ئۇيۇشقاننى ئاتىدى ئۇيغۇر!
ئۇيۇشقانغا ئۇيغۇر نامىن قويدى ئوغۇزخان،
شۇندىن بىرى بىلەر ئۇنى بۇ جۇملە - جاھان.
ئۇ ئۇيۇشقان ئۇيغۇر چوڭ بىر چىناردۇر ئەسلى،
ئۇنىڭ ئۈچ زور يىلتىزى بار - باردۇر ئۈچ نەسلى...
بىر نەسلىگە پانا بولغان ئىدى تىيانشان،
بىر نەسلىگە ئۇ مەركىزى ئاسىيا ماكان.
كۆكەرگەنتى مەغرۇر نەسلى ئېرتىش بويىدا،
ئۇلار يۇرگەن ئوۋچىلىقنىڭ كەيپى - كويىدا.
بۇ دەلىللەر ئىپتىدائىي تارىخقا تالىق،
ئۇ چاغ ھېچ كىم گۇللەنمىگەن ئۇنىڭ قاتارلىق.
ئۇيغۇرىستان - بۇ ئاتىلار ياشىغان بوستان،
ئېيتقىن تارىخ، نېچۈك ئەمدى بولدى گۆرىستان؟!
ئىككى ئەسىر بولدى مانا بېشىمدا سايە،
مەن ھەيرانمەن ، ئۇنى ھېچ كىم قىلماس ھىمايە!
ئېيتقىن تارىخ، ياكى نامى سەندىن ئۆچەمدۇ،
يەنە سەرسان بولۇپ يۇرتتىن يۇرتقا كۆچەمدۇ؟
ئېيتقىن تارىخ، بۇ ھىجراننىڭ پايانى يوقمۇ؟
ئازادلىقنىڭ بىر شەپىسى - ئايانى يوقمۇ؟
جاندىن كېچىپ ، يېتەلمىدۇق نېچۈك جانانغا،
ئېيتقىن تارىخ، بارچە سىرنى يايغىن جاھانغا.
تارىخ تىلغا كىرىپ ، ئۇزاق تۇنلەر سىرداشتى،
تارىخمنى ۋاراقلىسام . يىغا ياماشتى.
دەرد ئەلەمدىن ئازاب چېكىپ ئىڭرىدى راۋاب،
ناخشا قىلىپ ئېيتسا خەلقىم ھەسرەت - دەردىنى،
بەرداش بەردى دۇتار بەلگە باغلاپ پەدىنى.

شۇڭلاشقىمۇ مۇقاملاردىن مۇڭ ـ زار كېلىدۇ،
ناۋا نالە قىلسا پەيزە ھەم تار كېلىدۇ.
بولماق ئۈچۈن دەردمەنلەرنىڭ دەردىگە دەرمان،
نەي تېنىنى تېلىدۇرۇشنى قىلغاندى ئارمان.
شۇڭا گاھى يۈرەك - باغرىڭ ئېزىدۇ ئاھى،
قۇلاق سالساڭ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلايدۇ گاھى.
گاھ ئويلىنار، گاھ بويلىتار تىلسىمات مۇقام،
جانان ئاققۇ كەبى سۈزسە قۇش قانات مۇقام.
بۇ ئەسىردە يارالغانغۇ مۇقام قامۇسى،
ئۇيغۇرنىڭ ھار ـ نومۇسى ، شادلىق قايغۇسى.
قايسى ئەلنىڭ « ھۆسەينى » دەك شاھ مۇقامى بار؟
شاھ مۇقاملار ساھىبىدەك قۇتلۇق نامى بار.
مەن بىلمەن، مۇقاملارنىڭ مىراسخورى ئۇ،
مەن بىلمەن، بۇنچە دانا سەۋەب نىمىدۇر؟!
يارىلىشتا زۇۋۇلىسى چوڭ ئۆزۈلگەنمۇ؟
بەختىن بەرمەي، پاراسەتتىن تەن تۈزۈلگەنمۇ؟

## ئىككىنچى ئەسىر

ئۆز ئېلىدە ئېرىك ئۈچۈن بولدى ئىنتىزار
سۇ لېۋىدە تۇرۇپ يەنە بولدى سۇغا زار.
ياۋ تومۇرى كۆپكەن چاغدا خەلقىم قېنىدىن،
ياۋغا قارشى سۇغىرىلدى خەنجەر قېنىدىن.

ئىنتىقامدىن قاتقان چاغدا كۆزلەردىكى ياش .
زور غەزەپتىن تۇرۇلگەندە قىلىچ كەبى قاش ،
هونلار بىلەن قول تۇتۇشۇپ ئاتلاندى جەڭگە ،
يۇرت باغرىدىن سۇرۇلسۇن دەپ سوغۇق كۆلەڭگە ،
ئايلانمىسۇن دېگەن چېغى يۇرتنى بازارغا.
مەددەت سوراپ مەشئەل ياقتى مەردلەر مازارغا.
چوڭ چاغلىغان سوپى ئۆزىن خۇدا قاتارلىق ،
ئۆتكۈزدىمۇ بەل تۇتۇشقان چاغدا خاتالىق؟
لەشكەرلىرىن قۇمغا تاشلاپ ، بولغاندى غايىب ،
جان ئۈزۈشكەن قانخور قوشۇن سەركەرنى كايىپ .
مەددەت بەرگەچ چۆللىرىمۇ شىرلار قەلبىگە ،
قۇمدا قوغلاپ ، ئايلاندۇردى ياۋنى تەلۋىگە .
قىساس ئالدى ئورناپ كەتكەچ يۈرەككە دەردلەر ،
ئوردۇسىغىچە سۈلۈكلەرنى سۈرگەن شۇ مەردلەر .
بار كۆلدىن تا كاسپىيغىچە سۈرگەندى دەۋران ،
ئەلگە ئەرك بەرگەن جۈيەن دانىشمەن خاقان .
بېۋاق غازاك بولغان باغلار ، ياشاردى تاللار ،
سۈرمە تاشنى خۇمار كۆزگە ساھىب جامالار .
قاندىن رەڭ ئېپ ، قات ـ قات قىزىل ئېچىلغاندا گۈل ،
يەنە كەلدى چىمەنلەرگە ئۈركۈگەن بۇلبۇل .
ئەمما ، رەقىب بۇ شاتلىقنى راۋا كۆرمەيتتى ،
شۇڭلاشقىمۇ ئۆمرى نەغمە - ناۋا كۆرمەيتتى .
قالغان كەبى دەرد ـ ئەلەمنىڭ يەنە چالىسى .
يەنە يامراپ كەلدى سەددىچىنىنىڭ لالمىسى .
يەنە مەزلۇم ئەل ئۈستىدە چېقىلدى چاقماق ،
ياۋ ئادىتى - سائادەتكە سەرەڭگە ياقماق .

قانسىرىغان ، ھالسىرىغان مەردلەر مەيداندا،
ئۆلسەم ئۆلەي ، ئەمما، كەتمەي دەيتتى ئارماندا.
باتۇر ئاتتىن غۇلىسىمۇ قولىدا خەنجەر،
ئىنتىقام ئال دەر كۆكسىگە يۆلەك بولغان يەر.
قۇم يۇتمىسا، يەتمەس ئىدى ياۋغا جىنازا،
ياۋغا ياغدى بىر ئۇمۇرگە يەتكۇدەك ھازا.
جەڭدىن غالىپ يانغان چاغدا پالۋانلار ئاتلىق،
ئۇيغۇرىستان ئاسمىنىنى قاپلىدى شادلىق.
قانچە تاتلىق جۇدالىقتىن كېيىنكى ۋىسال،
گىرە سالسا ئاپئاق بىلەك ھۆر ساھىب جامال.

## ئۇچىنچى ئەسىر

تارىخنى ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن يازغان ئەل،
بولمىغى ھەق شەرقىي شاردا پارلىغان مەشئەل.
ئۇ چاغلاردا يوقتى ئورخۇن يېزىقى ھەتتا،
ئاھ، شۇندىمۇ ئۇ كۆرەڭلەپ ساتماس سەپ - ساتا.
مىڭ ئۆيدەك زور ئۇلۇغ غەزنە ياراتقان خەلق،
ئۆزگىلەردىن قىلماقلىقى كېرەكتى پەرق!
ئىككى مىڭ يىل بولدى ئۆچمەس « مىڭ ئۆي » نەقىشى،
تىلسىماتتىن سېھىرلىشىپ لال بولار كىشى.
بەش مىڭ يىلغىچە تارىخى بار، ئىشتان بېغى يوق،
خىتايلارنى بەزىلەر دەر :" ئالەمدە ئۇلۇغ"...
ئۇيغۇرلارغا مۇھىملىق ھايا ت ـ پەزىلەت،
ئاق كۆڭۈلچۈن باشتىن نىرى كەتمىدى دەرد.

ئۇيغۇرستان يېتەي دېسە ئەمدى ۋايىغا،
زامان باقماس ئىدى ئۇنىڭ كۆڭۈل رايىغا.
يان قوشنىدىن يېغى ياغدى، يەنە ئاقتى خۇن،
شۇرمەللىشىپ قىرغاق يالاپ، قان ئاقتى ئۇرخۇن.
يېغى ياندىن ياۋلىغى ئۆتكەچكە جاندىن،
دىلى قان بوپ، پانا تاپتى ئەل تىيانشاندىن.
ئاسىيانىڭ دەشتلىرىدە سەرسان - سەرگەردان،
سەراپ كۆرسە سۇ چېغى دەپ، بولۇشتى ۋەيران.
جاپاكەش ئەل چەككەن ئازاب، تۈتقان مۇسىبەت،
تەڭرى تاغنىڭ چاچلىرىنى ئاقارتتى بۇ دەرد.
بۇ ئەسىردە غەمدىن خالى بولمىدى بېشى،
بۇ جاھاننىڭ تەڭشەلمىگەن تارازا تېشى...

## تۆتىنچى ئەسىر

پەلەككە باش تىرەپ تۇرغان ئاقۋاش ئىككى تاغ،
ئەل بېلىدە پارقىرايتتى بوپ كۈمۈش بەلۋاغ.
مەغرىبتىن تا مەشرىققىچە بۇقىرايتتى بۇزلۇق،
ئاھ، ئۇچقۇنلۇق تەڭرىم بىلەن قاتمۇ - قات مۇزلۇق.
بۇ تاغلارنىڭ بىر يېنىدىن ئاقاتتى ئون ساي،
بۇ ۋادىغا گۈل قىستۇرۇپ قوشاتتى چىراي.
بىر يېنىدىن ئاققان توققۇزساينىڭ ساداسى،
جانغا راھەت بېغىشلايتتى تەنگە داۋاسى.
ئون ساي لىقلار ـ « ئون ئۇيغۇر » دەپ ئاتالغىنى راست،

توقۇز ئۇيغۇر ئۇچۈن «توقۇز ساي» بويى مىراس .
شۇ ۋادىدا ئۈچ مىڭ يىلچە قۇرۇپ دۆلەتنى ،
جاھان ئەھلى ئارا ئۇيغۇر تۆككەن سۆلەتنى .
خەن دەۋرىدە جانسەن دېگەن بىر كۆڭلى قارا
بۇ ۋادىنى كۆرۈپ ، ئىچى بولغاندى ئالا .
شۇندىن بىرى يوقالغانتى ئەلنىڭ ئارامى ،
شۇندىن بېرى يۇتماق بولۇپ تۇرماقتا دامى .
تومۇزدا بۇ ئەل بېشىغا ياغدۇرغانتى قار ،
قاندىن تاپماق بوپ تاپاۋەت ۋەھشىي جۇجانلار!
يەنە پانا بولدى تاغلار، دەشتى باياۋانلار،
كۆز ئالايتقان بۇ زېمىنغا قانخور قاۋانلار.
ئەل ئۈستىگە قار ئورنىغا ياققاچقا قايغۇ ،
ئاھۇ - دادىغا چىدالماستىن ياش تۆكتى ئاھۇ .
داردىن قېچىپ دانا خەلق كەتتى بەك يىراق ،
دەشتلەر كېزىپ ، ياۋروپادا ياندۇردى چىراغ .
زالىملارنىڭ زومبىلىقى ئۆتكەچكە جاندىن ،
جۇدا بولغان ئىدى ئەجداد قەدىم ماكاندىن .

## بەشىنچى ئەسىر

تېرىق مىسال تارالغان ئەل تاشتەك ئۇيۇشتى ،
ئۇيۇشمىسا يەم بولۇشنى ئۇلار تۇيۇشتى .
ئىدىقۇتقا توغىن تىكىپ ، قادالدى ياۋغا ،
يېرىم ئەسىر ئەل بېشىدىن سۈرۈلدى غوۋغا .

بۇ تۇپراقتا قۇياش كۈلۈپ، قىيا باققانىدى،
بەخت قۇشى ئۇنى ئەگىپ ، قانات قاققانتى.
نەچچە ئەسىر كىرمەستىن قالغاچ سايىدا،
يىلتىز تارتىپ كۆكلىمەستىن قەدىم جايىدا.
سەرسان بولۇش، ۋەيران بولۇش جانغا پاتقاچقا،
ئەركىن تىنىدى مەزلۇم خەلق تېڭى ئاتقاچقا.
بىر ئەسىردە بىرەر قېتىم كەلگەندە ئامەت،
باشلانغانىدى يەنە يىغا، قىزىل قىيامەت.
كۈلگەنىنىمۇ كۆرەلمەسكەن دۈشمەن دېگەنلەر،
بۇلاپ - تالاپ دەندەپ قالغان ئۆچمەن دېگەنلەر.
ئۇيغۇرىستان بەختى قارا بولمىسا بۇنچە،
نەۋ باھاردا ئېچىلماستىن توزامدۇ غۇنچە؟
دانىشمەنگە ھىمىشەملا دار قۇرغان زامان
ئوينىشاتتى ئەل بەختىگە تاش ئېتىپ ھامان.
يەنە مەردلەر قاش يىمىرىپ ، قىلىچ بىلەشتى،
مويىسىپىتلار زالىملارغا زاۋال تىلەشتى.
قىلىچ ، نەيزە بىسلىرىدىن يەنە تامدى قان،
قىساس ئوتى بىلەن ياندى ئىدىقۇت، تۇرپان.
ئاستانىچۈن نەيزىلىنىپ ، تىتىلدى تەنلەر،
ئەمما، غېرىچ باسالمىدى ياۋۇز جۇجەنلەر.
يەنە ناغرا چېلىنغانىدى شادلىق پەدىگە،
ئاھ، ئازادلىق دەرمان ئىدى دەردمەن دەردىگە.
نەيزىلىشىپ تارتىۋالدى تاجۇ - تەختىنى،
ئەمما، تىلەپ ئالمىدى ھېچ مەردلەر بەختىنى.
شۇڭلاشقىمۇ باش كۆتۈرۈپ ياشىدى مەغرۇر،
قەدىم تۇرپان تەۋەسىدە ئىسيانكار ئۇيغۇر.

# ئالتىنچى ئەسىر

مازارلارغا ياققان چىراغ تېخى ئۆچمەستىن ،
مۇسىبەتنىڭ دىلغا چۈشكەن دېغى كۆچمەستىن ،
چارى ياقتا ناغرا ئۈنى تېخى بېسىلماي ،
تېخى مەردلەر مەيدىسىگە گۈللەر قىسىلماي ،
ئۇلار زەپەر شارابىنى يۇتا - يۇتماستىن ،
ياۋدىن تارتىپ ئالغان مۆرىن تۇتا - تۇتماستىن ،
تەخت تالىشىپ بۇ ئەسىردە ، ئۇيغۇر ئېلىدە ،
خاننىڭ قولى بولۇپ قالدى خاننىڭ گېلىدا .
ياۋ تۆككەن قان يەتمىگەندەك قانلار تۆكۈشتى ،
نادان بەگلەر تۆر تالىشىپ ، قانلار تۆكۈشتى .
بولمىسىغۇ يېتەر ئىدى ئەلنىڭ تاتقىنى ،
يېتەر ئىدى كۆكرىكىدە قاننىڭ قاتقىنى .
جەڭ - جېدەلسىز بېسىلامدۇ بېگۇنا قانسىز ،
خان بېشىنى خان ئېلىپ ، يۇرت قالغاندى خانسىز .
شۆھرەتپەرەس بەگلەر تېخى يىغماي ھوشىنى ،
بېسىپ كىردى جۇجەن خاننىڭ قانخور قوشۇنى .
يەلكىسىنى ئېغىر باسسا پالۋان تاۋۇتى ،
ئۆچ ئېلىشقا ئۇندەر ئىدى قانلىق ساۋۇتى .
ئانا تۇپراق شەپەق مىسال قاندىن قىزاردى ،
خان خاھىشى بولمىسا ، ئەل قاندىن بىزاردى .
قانلىق جەڭدە قوغلاپ ياۋنى خۇشتى قالمىدى ،
جەڭنى تاشغان جۇجەنلەرنىڭ پۇشتى قالمىدى .

غەم - قايغۇنى قوغلىغاندا ئەندىلا شادلىق ،
كۈتمىگەن چاغ تۇرۇك خانى قىلغاندى ياتلىق .
تۇرۇك خانى چۇلۇ بۇزۇپ دوستلۇق شەرتىنى ،
ئۇنتۇغانتى قەسەم ئىچىپ بەرگەن ئەھدىنى .
ئەزەلدىنلا قوشنىسىدىن تەلىيى يوق ئەل ،
ھالسىرىغان ، قانسىرىغان مۇشكۇل بىر مەھەل .
تۇرۇك بىلەن كۆسى يارا شىردەك ئېلىشتى ،
قانلىق نەيزە ئۆزرە كۆكسىنى قالقان قىلىشتى .
بىپايان چۆل يەتمەي قالغان چاغدا لەھەتكە ،
قۇمغا قاچتى يېتەلمەي ياۋ ھارام نىيەتكە .
ئەگىشىپ ئەل پالۋان ئوغلى مەرد مۇخەخانىنى ،
زور بالادىن قۇتۇلدۇرغان ئۇيغۇرىستاننى .

## يەتتىنچى ئەسىر

سىلىڭگانىڭ ھاۋزىسىدا بەخت باققاندا،
شاتلىغىدىن قىرغاق يالاپ ئورخۇن ئاققاندا،
يەردە مىلى تولغان جاغدا ئاسماندا ئېيى ،
گۈل باھاردا بولدى يەنە گۈللەر گادايى ،
ئاپئاق بولۇپ گۈللىگەندە ئالما، ئۆرۈكلەر،
توقال بولۇپ كەلگەن ئىدى شەرقى تۇرۇكلەر،
باشقا بالا، قازا كەلسە ئەزىز ۋەتەنگە ،
قىساس ئوتى باشلاپ كىردى شىددەتلىك جەڭگە .
ياۋنى چەللەپ سۇنغان چاغدا مەردلەر ئوقياسى ،
يۇتماق بولدى ئۇنىڭ نەسلىن جۇت ئەجدىھاسى .

يۇرت نەسلىگە سوزغان چاغدا قانلىق قولىنى ،
يۇسا پالۋان نەيزە بىلەن توستى يولىنى .
پەيتىنى پايلاپ ، سەردار سۈڭگۈپ چىقتى مەيدانغا،
بەش مىڭ نۆكەر بىلەن شىردەك ئېتىلدى خانغا.
يۈزمىڭ ئاتلىق لەشكەر باشلاپ كەلگەنىدى سەركەر،
يا ئۆلۈم دەپ ، ياكى كۆرۈم ، ئېلىشتى ئەرلەر.
غېرىچ يەرچۈن، ئۆلگەن ئەرچۈن قىلىپ قەسەمياد،
جەڭگە كىرسە قانات پۈتەر ئىدى تۇلپار ئات .
قەيسەر قوشۇن بېسىپ باردى ئاسمان تاققىچە،
تۈنجۈقتۇرماق بولغان چېغى قارلار ياققىچە .
ياۋ يولىنى قۇش ئۆتەلمەس تۆرىدى داۋاندىن ،
نالىسىغا جور بوپ ھۇلار بوران، شىۋىرغان .
سەددىچىنىدە مۆكۈپ ياتقان خەنىنىڭ قوشۇنى ،
كۆپىتىن بىرى تەقەززا بوپ كۈتكەچ مۇشۇنى ،
يان باسقان بوپ، توپىلاڭدا توغاچ ئوغرىلاپ ،
تۈركلەرنىڭ ئوردىسىنى كەتكەنىدى بۇلاپ .
ئوردۇستىن تا بايقالغىچە سوزۇلغان ۋادا،
تۈرۈك تۆمۈر تاپىنىدىن بولغاچقا ئادا،
غالىپ تۇغدىن تىكسە يۇسا ئالتاي تېغىغا،
تىز پۈكۈپ ياۋ، باش قويغانتى ئۆتكۈر تىغىغا.
ئىسيانكارلار تىغ پاتۇرسا تۈرۈك تەختىگە،
شىرىك چىقىپ قالدى ياندىن تاپقان بەختىگە.
ئەزەلدىن ئاتا كەسپى - تەخت ئوغرىسى ،
تەڭرى تاققا كۆز ئالايتتى تەخت ئوغرىسى .
زۇلۇم - زۇلمەت قات ـ قات تاغ بوپ، باسقاچ يەلكىنى ،
دېڭىز كەبى داۋالغۇدى غەزەپ كەلكۈنى .

خۇددى سەلدەك خەلق توپى ئاقاتتى دەۋرەپ ،
ياۋغا قارشى تۈزدى جەسۇر باسىدۇ زور سەپ .
باتۇر جۇۋان توپ ئالدىدا ماڭاتتى هامان ،
چېچى سۇمبۇل ، كىرپىكى ئوق ، قاشلىرى - كامان .
ئۇ ئېتىلغان لاچىن بولۇپ قۇزغۇن ، هۇقۇشقا،
يول قويمىغان يېغىر قىلىپ ئەلنى چوقۇشقا.
قۇرۇتماق بوپ قانخور قاۋان پۈشتىن جاهاندىن ،
قۇمدا قوغلاپ بىسىدۇخان چىققان پۇخادىن .
تۈگەتكىلى بولمىدى هېچ قانخورنى قىرىپ ،
كېچە كۈندۈز قانلار كېچىپ ، قالغانتى هېرىپ .
يولۋاس مىسال قايتىشمىدى مەردلەر ئىزىدىن ،
ئەپسۇس ، جۇدا بولدى جەڭدە جەسۇر قىزىدىن .
قان ئۈستىگە خان قۇرغاندا يەنە سەلتەنەت ،
ئۇيغۇرستان زور شىر مىسال بولدى زەنجىربەنت .

## سەككىزىنچى ئەسىر

ئۇيغۇرستان ئارامخۇدا ياشىمىدى هېچ ،
چىقارمىدى ئەمما بىۋاق غىلاپتىن قىلىچ .
ئىككى ئەسىر تۈرۈك قانلىق هۆكۈم سۈرگەنتى ،
ئىككى ئەسىر بۇ ئەل قىلىچ بىسىن كۆرگەنتى .
ئىككى ئەسىر ئەل بېشىدا ئەگىدى ئەجەل ،
ئىككى ئەسىر ئەل بەختىنى ئېقىتقاندا سەل .
ئىككى ئەسىر تېنىگەندى كەلمەي ئامىتى ،
ئىككى ئەسىر قانغا پاتتى مەغرۇر قامىتى .

ئىككى ئەسىر كۆكرىكىنى چوقۇدى قۇزغۇن،
ئىككى ئەسىر شۈرمەللىشىپ خۇن ئاقتى ئورخۇن.
ئۆز ئېلىدە ئۆزلىرى قۇل، ئۆزگىلەر غوجا،
مېلى تۈگەل پەرزەنتلىرى بولغانتى ئولجا.
مەزلۇملارنى قىيناپ مەلئۇن، ئالغاندە هۇزۇر،
بۈركۈت مىسال قانات كەردى باتۇر مويۇنچۇر.
قارىسىدىن قورققانتى ياۋ مويۇنچۇر دېسە،
يارىشىدۇ غەزىۋىنى شىردەك زور دېسە.
يامراپ تۇرسا ئالتە قاتار لەشكەر ئالتە لەك،
قانلىق جەڭدىن كۆز ياش تۆكۈپ تۇرسا بۇ پەلەك.
تەۋرىمەيتتى مويۇنچۇرنىڭ بىر تال بۈرۈتى،
بولمىسا ياۋ يامراپ تۇرغان يەرنىڭ قۇرۇتى.
تىزگىن سېرىپ چاپچىپ ئالغا، چىقتى ئاق بوز ئات،
جەڭ - جېدەلدە مويۇنچۇرغا پۈتكەن قوش قانات.
سەردار نەرە تارتسا، تۇلپار تىلغايتتى يەرنى،
يەكمۇ - يەك جەڭ ئارىيدىغۇ نامەردنى، ئەرنى.
قارا گىرنى يورغۇلۇتۇپ چىقتى ئۇزمىشخان،
يەر شارىدا يەر بارمىكىن ئۇ تۆكمىگەن قان؟!
شەرقىي يېرىم شاردا هۆكمىن سۈرگۈچ قىلىچى،
غەزىۋىدىن تىكەنلەشتى تاجدار چېچى.
ئىككى سەركەر قىلىچ چېپىپ ، كىرگەندە جەڭگە،
قالقانلاردىن چاقماق كەبى ياندى ئەلەڭگە.
پۇچۇلاتتى ئۇرۇلغاندا تۆمۈر قالقانلار،
كۈچ زەربىدىن سېقىرايتتى قاتقان ئالىقانلار.
خانغا قاراپ قاپاق تۈرۈش - بولغاچقا قىلمىش،
تېرىسىگە سىغماس ئىدى غەزەپكار ئۇزمىش.

قانچە شاھلار ھۆكۈمى بىلەن بولغان زەنجىر بەند،
ھېچ كىم ئۇنىڭ يولىن توراۋپ، ئالالمىغان ئەنت.
ئېتىلىسمۇ يارىلانغان يولۋاس مىسالى،
كۆرۈنمەيتتى ئارزۇ قىلغان زەپەر مىسالى.
ھەيۋە بىلەن ھەملە قىلغاچ بۆركۈتلەرگە خاس،
زاۋال چېغى بەلدىن سۇندى زەرب ئالماس.
رەقىبىگە قىلىچ « سوۋغا» قىلدى مويۇنچۇر،
جان ھەلقۇمدا مەردانىگە دائىم مەردلىك جور.
سۆرەن سېلىپ، قىلىچ چاپسا، كىرىشىپ چىشى،
قاڭقىپ چۈشتى ئۇزمىشخانىنىڭ تاجدار بېشى
شاھ بېشىغا نەيزە سانجىپ، كۆتۈردى باشتا،
يالماۋۇزنى يەڭدى سەردار يىگىرمە ياشتا.
ياۋنى سۆرسە خان بېشىغا نەيزىسىنى دارقىپ،
رەقىب قاچار جەسىتىنى گۆرگە زار قىپ.
قوغلاپ يۈرۈپ ياۋنى چاپتى ئەرلەر يار ھەققى،
كىندىك قېنى تامغان ئەزىز بۇ دىيار ھەققى.
ئۇلارنىڭ ھەق، كىم چاقىرغان ياۋنى بۇ ياقىقا،
ئىككى ئەسىر قان تۆكتىغۇ ئانا تۇپراققا.
خورلىغانىنىڭ خار بولمىقى كېرەك كېپەنگە،
كىم چاقىردى قان تۆككىلى ئەزىز ۋەتەنگە.
شاھنىڭ ئەركە ئايالىمۇ قىلىندى تارتتۇق،
بۇ ئالەمدە جازا بارمۇ بۇنىڭدىن ئارتۇق؟!
غالىپ بۇ ئەل قېنىپ كۆلدى يەنە بىر نۆۋەت،
سەردارىنى دەس كۆتېرىپ قىلىشتى ھۆرمەت.
ئۇيغۇرىستان، ئاشۇ سەردار سېنىڭ پەرزەنتىڭ،
ئالەم ئۆزرە ماختىنىشقا بار سېنىڭ ھەددىڭ.

ئۇيغۇرستان - مويۇنچۇرنى ئۆستۈرگەن ۋەتەن ،
تارىختىكى شۆھرىتىڭنى ئالماق كېرەك تەن .
قەبرىڭ ياۋدىن ئېلىپ قىساس ، قىلىپ زەنجىربەنت ،
قارا بالاساغۇن ئۆزرە قۇردى سەلتەنەت .
مويۇنچۇرخان قۇردى مەشھۇر ئۇيغۇر دۆلىتىن ،
ئۇ سۇندۇرۇپ تۈركلەرنىڭ سۈرلۈك سۆلىتىن .
***
خىتاي خانى سۇجۇن يوللاپ مويۇنچۇرغا خەت ،
يالۋۇرغانتى ياردەم سوراپ ، باسقاچ پالاكەت .
خانغا قارشى قوزغىغاندا ئەنلۇشەن ئىسيان ،
ئۇ لۇيەنگە تىغدەك پېتىپ ، قىغاندا يەكسان .
سۇندۇرالماي ئىسيانكارنىڭ شىددەت كۈچىنى ،
قول قوشتۇرۇپ يىلىناتتى ئال دەپ ئۆچىنى .
غەنىيمەت چاغ! - دەپ ئويلىدى دانىشمەن سەردار ،
چوڭ ياۋ ئۆزى تىلەپ تەرسا بويىنغا زور دار ،
ئەجەل كۈتۈپ ، ئاچماق بولۇپ تۇرغاندا ھازا ،
ئۇيغۇرستان ماڭلىيىغا پۈتۈلگەن قازا!
ياۋ بېشىغا قىلىچ سوراپ تۇرغاندا ھەغدا ،
گەر چاپمىسا ، قىلىچ مەڭگۈ قالامدۇ داغدا...!
سىرقەدريا تامان بۇرىدى ئاتنىڭ بېشىنى ،
شۇ دەريادەك ئېقىتماق بوپ ياۋنىڭ يېشىنى .
تىللا تەختكە گىدەيگەنتى ئەنلۇشەن مەغرۇر ،
تۇرار ئىدى رەقىبىگە قۇرۇپ تۆمۈر تور .
سۇجۇخاننىڭ تەختىگە تىغ سانجىغان سەركەر ،
يۈز ئەللىك مىڭ لەشكەر بىلەن تارتا ئىدى نەر .
دۈچ كەلگەندە بىر - بىرىگە تاغ يۈرەك خانلار ،

دۈچ كەلگەندە ئوت چاقنىتار ئىدى قالقانلار.
ھەۋەس قىلسا ئەنلۈشەننىڭ باتۇرلۇقىغا،
ھەسەت قىلار تولكە مىسال شۇم - قۇۋلىقىغا.
ئۇلار تۆككەن قاندىن رەڭ ئېپ، قانچە تاڭ ئاتتى،
تەندىن جۇدا باشلار ساينىڭ تېشىدەك ياتتى.
پاراسەتلىك سەركەر سۇرۇپ رەقىبىنى يارغا،
چۆكەرگەنتى قان ئارىلاش ئاققان دەرياغا.
سىڭدۈرەلمەي ئەزىم دەريا قىنىدىن تاشقان،
سېرىق تۇپراق يالاپ ئىزدىن ھەريان ئاداشقان.
ئۆلگەنلەرنى شېھىت دېدۇق، قالغاننى غازى،
سەددىچىننى تىترەتكەندە ناغرا ئاۋازى،
سېرىق دەريا قىزىل قانغا ئاقسا بويۇلۇپ،
سۇجۇخانغا قىيامەتتەك كەتتى تۇيۇلۇپ،
مويۇنچۇرغا نىنگو ئاتلىق بېرىپ قىزىنى،
تاجۇ - تەختىنى سوراپ خاقان، پۈكتى تىزىنى.
دەپ يالۋۇرغان:« مەن بىر ئۆمۈر قىلاي ئىتائەت،»
سېلىق تۆلەپ ، ئۆمرۈڭ تىلەپ، قىلاي ئىبادەت.
باش قويىمەن بۆرە شەكلى بار بايرىقىڭغا،
گەر خالىساڭ، باش ئىگىمەن زور ئايىغىڭغا...!
مويۇنچۇرغا تىڭ قاراشقا تاقەت قىلالماي،
بىقىندا بوپ ياشىغانتى دىلىغۇل خىتاي.
ئۇيغۇرىستان، قۇتۇلدۇرۇپ ئۇنى بالادىن،
نېمە كۈتكەن بولغىيتىڭكى كۆڭلى قارادىن؟!

# توققۇزىنچى ئەسىر

ئۇيغۇرىستان باش ئەگمەسچۈن دۈشمەن ئالدىدا،
تۆت يۈز يىل قان كەچكەنلىكى بارغۇ يادىدا،
تېخى يەرگە سىڭىپ بولماي تۆكۈلگەن قانلار،
تەخت تالىشىپ خانۇ - ۋەيران بولۇشتى خانلار.
داڭلىق سەردار مويۇنچۇرنىڭ روھىن قويماي تىنچ،
خانلار قانلار ئېقىتماقچۈن سۇغاردى قىلىچ.
ئۇنى ئاز دەپ يۇرتنى بويلاپ تارالدى ۋابا،
تېپىلمايتتى دەردمەنلەرنىڭ دەردىگە داۋا.
پەيتنى پايلاپ، كۆز سەپ يۈرگەن قارا قۇرۇمغا،
ئاجۇ ۋەھشىي سىرتلان كەبى ئۆتتى ھۇجۇمغا،
" ئات باغلايمەن!" دەپ چالۋاقاپ ئالتۇن ئوردىغا،
يەر - يۈزىنى كۆمدى جاللات جەسەت - مۇردىغا!
ھۆركىسە يېنسەينىڭ ياۋا قاپلىنى،
يىگىرمە يىل تىترەپ تۇردى ئۇيغۇر ۋەتىنى،
قىلىچ سۇنسا، مەردلەر كۆكسىن قىلىشتى قالقان
دورىلىقتا تېپىلمايتتى بىر ئۇچۇم تالقان،
قارا قىشتا ياۋلار بۆسۈپ كىردى باستۇرۇپ،
قىلىچ تۇتقان قىرانلارنى دارغا ئاستۇرۇپ.
قاراقۇرۇم خەزىنىسىنى بىر بۇلىدى،
ئۇيغۇرلارنىڭ شان - شۆھرەتلىك تەختى غۇلىدى.
ئىسىنماقچۈن ئاجۇ ئەلنى ياققاندا ئوتقا،
يول ئالدى ئەل پانا تارتىپ ئاھ، ئانا يۇرتقا!
ئەنەن تېگىن گوبىدا زور قۇرسا ئىسھتىكام،
قىساس ئۇنى قىستار ئىدى ئال دەپ ئىنتىقام.

ئاجۇ قانخور قوشۇن بىلەن باشلىغاندا جەڭ،
مىلەنگەنتى قانغا تۇپراق گويا لالىرەڭ.
گوبى چۆلدە بولغان چاغدا قىيامەت قايىم،
توققۇز ئەسكەر قالسا، ئەنەن يېمىدى ۋايىم.
مەدەت بەرگەچ پاك ئايالى، باتۇر بالىسى،
ياۋلار بىلەن نەيزىلىشەر، چىقماس نالىسى.
ياۋلار ئۇنىڭ مەيدىسىگە نەيزە سانجىشىپ،
كۆزلىرىڭگە قارالماستىن تۇرغان داجىشىپ.
ئامەت قۇشى ئەگىسمۇ رەقىب بېشىنى...
كۆرۈش نېسىپ بولمىدى ھېچ مەردلەر يېشىنى...

## ئونىنچى ئەسىر

باشقا چۇشسە ئېغىر كۈنلەر تاتماي نە چارە،
بۇ پەلەكنىڭ كاجلىقىدىن بولۇپ سەكپارە،
ئارغامچىدەك سوزۇلدى ئەل ئاتا ماكانغا،
يۈرەكتىكى زەرداب سۇلار ئۆرۈلۈپ قانغا.
پېشانىسى شور بولمىسا ئۆچەمدۇ چىراغ،
ئەزىز باشقا مۇنچىۋالا چۇشەمدۇ پىراق.
سىلىنگادىن تارىمغىچەئۇچ تارتقان كۆچ ـ كۆچ،
ئانا يۇرتتا تۇپلىغانتى يېڭىلمەس زور كۈچ.
ئەزەلدىنلا بۇندا ئۇيغۇر ياشىغىنى راست،
تەڭرى تېغى ئاتىلاردىن قالغان چوڭ مىراس.
باشقىلارنىڭ زىمىنىگە قىلماقچى داۋا،
ئۇيغۇرىستان ۋىجدانىغا كۆرمەيدۇ راۋا.

ئارسلانخان ئاستانىسى - تۇرپان ئۈزۈمزار،
بۇ ئەسىردە ئەغياردىن ھېچ چەكمىدى ئازار.
خانىنىڭ يازلىق ئاستانىسى گۈزەل بەشبالىق،
بۇ ئوردىدا تارىلاتتى جىمىكى يارلىق.
پۇقراسىغا تىنچلىق ئىدى خانىنىڭ تىلىكى.
شۇڭلاشقىمۇ كۈچلۈق ئىدى ئۇنىڭ بىلىكى.
شۇڭلاشقىمۇ تۇرپان ئۆزرە ئىدى توقچۇلۇق،
مەرگەن قۇمۇل ئەھلى قىلار ئىدى ئوۋچىلىق.
ئالتۇن، بۇغداي كانى ئىدى تارىم ۋادىسى،
ئالتۇن تاقىقا سىغماس ئىدى ئەلنىڭ پادىسى.
تەكلىماكان - تەھتى ماكان ئىدى گۈلباغلىق،
ماختاپ يۈرگەن جەننەت ئۇنىڭ ئالدىدا چاغلىق.
خوتەن چوغدەك گىلەم بىلەن شۆھرەت تاپقاندا،
يەركەن شايى بىلەن چارى باغنى ياپقاندا،
تارىغاندا " ئىپەك يولدىن ' قارىكۆل، قۇندۇز،
قاشتاشلىرى كۆز چاقنىتار مىسالى يۇلدۇز.
نە رەناللار تەشنا بولغان داڭلىق ئىپىگى،
ئالتۇن ئىدى تاشلىرىڭ ھەتتا كىپىگى.
يەر يۈزىگە يېيىلغاندا شانۇ ـ شۆھرىتى،
بۇ ۋادىدا ھۆكۈم سۈرگەن ئۇيغۇر دۆلىتى.

# ئون بىرىنچى ئەسىر

يادىمدىن ھېچ چىقماس مىنىڭ بۇ ئالتۇن ئەسىر،
بۇ ئەسىردە قۇرۇلغانىدى قەشقەر دە قەسىر.
بۇ ئەسىردە ئۇيغۇرىستان كۆردى قوش، كېزەك،
ئۇ قوش كېزەك بولغان ئىدى بوينىغا بېزەك.
تارىم بىلمەس دانىشمەننى ئۇلار قاتارلىق،
تارىخ بىلەر ئۇلار ئۇيغۇر خەلقىگە تالىق.
نېچۈن تالاش، ئىككىسىنىڭ ئۇيغۇرلۇقى راست،
نېچۈك تالاش، مەخمۇد بىلەن ئۇيغۇر يۈسۈپ - خاس...!
نېچۈك تالاش، نەسلى بىلمەي، كىم بىلسۇن ئۇنى،
تىچ قويۇڭلار ئازابلىماي ئۇلۇغ روھىنى!
ئۇيغۇرىستان زېمىنىنى باسقاچقا بۆھران،
چاپلاش ھاجەت بوپ قالدىمۇ، بىلمىدىم بوھتان؟!
مىلادىدىن بۇرۇن ئۇيغۇر تۆكۈپ ماڭلاي تەر،
كاش كېسەكتىن بىنا قىلغان قەدىمى كاشغەر.
قانداقلارچە ئۇيغۇرنىڭكى ئەمەس، خالايىق،
ياكى ئۇيغۇر بۇ شۆھرەتكە ئەمەسمۇ لايىق؟!
ياكى گېپى ئۆتمەمدۇ يە مۆرى بولمىسا،
بىر چاغ ئۇنىڭ ئىدى جاھان تۆرى بولمىسا...
مەخمۇد ئۆزىن ئۇيغۇر دېسە، ئەمەس دەيسىلەر،
بىلىپ تۇرۇپ، نىمانچىلا قايغۇ يەيسىلەر؟!
بىر پەرزەنتنىڭ ئون ئاتىسى بولمايدۇ، ئەي، دوست،
ھەقىقەتنى تەن ئالماسلىق كەلتۈرەر نومۇس.
ئەجداد ئۆلسە، ئۆلمەي ياشار تېخى ئەۋلادى،
ئەل - ئالەمگە يېتەر ئۇنىڭ پەريادى - دادى!

دېمەي دېسەم، دېگۈزدىغۇ ئاخىر پەيلىڭلار،
چۇقان سېلىپ " دات، ئەرزىم بار!" دەڭلار مەيلىڭلار.
بىلەمسىلەر، ئۇيغۇرلارنىڭسىلەر بىر شېخى،
بىلمەيسىلەر، تۇنۇگۇنلا كۆكەرگەن تېخى.
تارىخ تېلىغا كىرسە ئۆتمەس ياسالما داۋا،
ساختىپىلىققا شۆھرەت مەڭگۈ بولمايدۇ راۋا
نە ئۇيغۇرنى تەن ئالماقلىق شۇنچىلا تەسمۇ؟
يە ياخشىنى تالاشماقلىق ئۇدۇم ھەۋەسمۇ؟!
ئاھ، تېلى بىر، دىلى باشقا بولمىسا ئەگەر.
بەزىلەرگە نېچۈك كېرەك بوپ قالدى قەشقەر؟
"قەشقەر تېلى - ئۇيغۇر تېلى ئەمەس" دېگەنلەر -
كۆزىن يۇمۇپ، تېرىسىنى تەتۈر كىيگەنلەر.
"قەشقەر تېلى " دېگەن تىل يوق! تەن ئىلىش تەسمۇ،
"قەشقەر تېلى" بولسا،ئۇيغۇر تېلى ئەمەسمۇ؟
تالاشماڭلار، ئەۋلادلىرى تۇرغاندا ھاڭدا،
لەۋنى چىشلەپ قالغان يامان كېيىن غەم - داغدا.
قۇرۇلغاندا قاراخانىيلار - ئۇيغۇر دۆلىتى،
خوتەندىن تا تالاسقىچە چۆشكەن سۆلىتى.
قاراخانىيلار ئۇيغۇسى - ئۇيغۇرلۇقى راست،
خاقانلىقىنىڭ خىسلىتى شۇ - ئۇ ئاتا مىراس.
سامانىيلار سەلتەنىتىن سۇندۇرغان خاقان -
ناسىر ئىلىك مەخمۇدنىڭ چوڭ بوۋىسى بولغان.
قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ پايتەختى قەشقەر -
مەخمۇد، يۈسۈپ ئىلىم ئالغان ئەزىزانە يەر.
مەخمۇد دېسە ئۆزىن "نەجىپ ئۇيغۇرغا تالىق "
مەن ھەيرانمەن ، بۇ يەردە بار نېمە خاتالىق؟!

يېرىم شارغا يېيىلغاندا بۇ ئەل شۆھرىتى،
ئۇيغۇر تىلىن ئۆگىنىشنىڭ كەلگەن مۆرىتى.
ھەتتا ئەرەب خەلىپىسى - شۆھرەتلىك ساھىب
دېگەن ئىدى : " ئۇيغۇر تىلىن ئۆگەنمەك ۋاجىپ"!
باغلانغان چاغ چوڭ ئېتىقاد ئۇيغۇر ئىلىغا،
قوزغىغانىدى زور ھەۋەسنى ئۇيغۇر تىلىغا.
شۇڭا ئۇيغۇر ( تۈرۈك ) تىلىنىڭ تۈزۈپ لۇغىتىن،
ئالەم ئەھلى ئۈچۈن مەخمۇد سۇنغان سوغىتىن،
تەخت تەۋرەتكەن چاغدا ھارۇن تاۋغاچ قاراخان.
كۈچكە تولغان تەڭدىشى يوق بۇ ئۇيغۇرستان
بۈنچە زېمىن بايلىقىنى ئېلىپ ھېسابقا،
چاقىرىش ئۈچۈن شاھىن - شاھنى ھەققە، ئىنساپقا،
دۆلەت چاقىن باشقۇرۇشقا تۈزۈپ قوللانما،
يۈسۈپ ئۇنى تاۋغاچخانغا قىلغانتى سوۋغا.
بېزىگەندە بۇ قامۇسنى ئۇيغۇر ھەرپى،
بۇ دۇنيانى تاڭ قالدۇردى ئۇنىڭ تەرىپى.
ئۇنىڭ تىلى، يېزىغىمۇ ئۇيغۇرغا تالىق،
بايلىق بارمۇ بۇ بىباھا غەزنە قاتارلىق؟!
بەخت قۇشى قونغان چاغدا كېلىپ ئامىتى،
مەخمۇد، يۈسۈپ بولغان ئەلنىڭ ئىككى قانىتى.
بۈيۈك مەخمۇد، يۈسۈپ خاسنىڭ ئەۋلادى ئۇيغۇر،
ماڭلىيىنى سۆيۈپ تۇرسا ئەرزىيدىغۇ نۇر.
جاھان تەشنا بولۇپ باقار بىر كۈن نەسلىگە،
ئۇيغۇرستان يەتكەن چاغدا ئېرىك ۋەسلىگە.

# ئون ئىككىنچى ئەسىر

بەخت قۇشى قونغان چاغدا بۇ ئەل بېشىغا،
قوشىنىسىنىڭ دۈشمەنلىكى تېپىپ تېشىغا.
مۇدۇرۇپ قوپتى سەلجۇقلارنىڭ سۇلتانى سەنجەر،
بىر قولىغا نەيزە ئېلىپ، بىرىگە خەنجەر.
ئامۇر بويى بويالغاندا شەپەقتەك قانغا،
تۇيۇقسىزلا ئامەت كەلدى سەنجەر سۇلتانغا.،
قارىيخانىلار تاجۇ ـ تەختىن قويۇپ چوڭ دوغا،
ئارسلان ئەخمەت ئۆز ئىچىدە چىقاردى غوۋغا.
مۇشۇ پەيتنى كۆپتىن بېرى ئارزۇلاپ كۈتكەن،
ئۇيغۇرستان كامال تاپسا، لەختە قان يۇتكەن،
قارا خىتاي بېسىپ كىردى خۇددى قۇيۇندەك،
تۇيۇلغانتى ئەلنىڭ ئۆمرى ئاشا ئويۇندەك.
چىشى ئۆتمەي تۆت يىل غاجاپ ، تۆت يىل تالدى،

# ئون ئۈچىنچى ئەسىر

بومبا ساقال دالاشاھى قانخۇرچىڭگىزخان
قىلىچىدىن قان تامغاندا سەسكەندى جاھان.
نەرە تارتسا چۆلنىڭ ياۋا قارا قاپلىنى
يەت قات يەر تىترىگەنتى شۈركىنىپ تېنى.

تۇلپارنىڭ كەڭ كۆكرىگى بولسا قالقىنى،
ئات تۇۋىغى تەككەچ يەرنىڭ چىقتى تالقىنى.
ئۇ دانىشمەن ياۋايى ئىدى،تاغ يۈرەك سەركەر،
سەددىچىنگە ئات ئوينىتىپ باشلىغان لەشكەر.
چاقماق بولۇپ چۈشكەن چاغدا ياۋنىڭ بېشىغا،
سېرىق دەريا تاشقىنلىغان ياۋنىڭ يېشىغا.
قاپلىغاندا خان تەختىنى تۈتەك ، ئىس مانان،
كىچە كۈندۈز كۆرۈنمەستىن قالغانتى ئاسمان.
قارا خىتاي داۋان ئىدى چىڭگىز يولىدا،
ئۇيغۇرستان ئىگرار ئۇنىڭ قانلىق قولىدا.
ئۇيغۇر خانى ياۋ ئۈستىگە قىلغاندا يۈرۈش،
چىڭگىز ئاتلىق قوشۇن بىلەن بەرگەن ئىدى كۈچ.
قوغلاپ جەسۇر ئىدىقۇتخان رەقىبىن قۇمغا،
ئۇلۇغ ئېرتىش ياقىسىدا ئۆتكەن ۋۇجۇمغا.
خان بېشىنى ئۈزۈپ ، قىساس ئالغاندا خاندىن،
ئۇيغۇر خانى تېنغان چېكىپ پۇغاندىن.
ۋەھشى چىڭگىز قايىل بولۇپ تاغ يۈرەك خانغا،
ئوردا تامان چاقىرغانتى ئۇنى مېھمانغا.
ئىدىقۇتخان : « سىزگە بولغاي غازاتىنا قانات!»
دەپ چىڭگىزگە سوغا قىلدى ئۇچقۇر بوز ئات.
جاھىل خاقان دېدى ئاتنى قىلىپ خوش قوبۇل:
« جەسۇر خەختىن چىقار سەندەك سېخى بىر ئوغۇل!»
شاتلىغىدىن بىرىپ قىزى ئالتۇنبىكەنى،
توقۇتقانتى ئىككى ئاتقا ئالتۇن ئىگەرنى.
ھەيران بولۇپ ئىدىقۇتنىڭ پاراستىگە،

پەرمان پۈتكەن تەگمەسلىككە تاجۇ ـ تەختىگە.
بولمىسا ئۇ ئوتتۇرىغا ھېچ ئادەم قويمىغان،
خوراسانغا، خارەزمىگە،دونغا تويمىغان.
ئاھـئاق كۆڭۈل ھالال بولغاچ جەڭلەردە جەسۇر.

## ئون تۆتىنچى ئەسىر

ئالتۇن قاپلاپ، ئەمەندىن ياسالغان تاۋۇت،
ئىچرە چىڭگىز مىس قالپاق كىيگەنتى ساۋۇت.
ئۆلۈمنى سىر ساقلاشنى قىلغاچ ۋەسىيەت،
ئۈنچىقماستىن تۆت پەرزەنتى چېكەتتى ھەسرەت.
چىڭگىز قىلىچ تۇتۇپ ياتسا ئالتۇن تاۋۇتتا،
ھۆكۈمى بىلەن تاڭغۇت ئېلى ياناتتى ئوتتا.
تاڭغۇت نەسلىن نەيزە سانجىپ دەيتتى ئۆلتۈرۈپ:
"ئۇ دۇنيادا خاقانىمنى يۈرگۈن كۆتۈرۈپ"!
ئۇيغۇر تېلىن دۆلەت تېلى دېگەن چىڭگىزخان،
ئاشۇ تىلدا سۆزلىششكە خۇشتارتى جاھان.
ئاشۇ تىلدا توختامىشخان پۈتكەنىدى يارلىق،
ئاشۇ تىلدىن ئاسقاق تۆمۈر تارتمىدى خارلىق.
ئاشۇ يېزىق بىلەن يارلىق تارىغان دوندا،
ئاشۇ يېزىق مىراس بولۇپ قالدى ئورخۇندا.
يىللار ئۆتتى، بۇ ئالەمدىن ئۆتتى ئىدىقۇت،
ئۈنىڭ بىلەن كۆمۈلدىمۇ گويا بەخت ـ قۇت.
بىر ھەقىقەت بار جاھاندا - تىچ ئۆتمەس جاھان،
قىلىچنى يالىڭاچلاپ تۇغلۇق تۆمۈرخان.

تۈرۈك نەسلى تۇغقا توپلاپ ، كۆتۈردى قىياس ،
ئۇيغۇرلاردىن ئالماق بولۇپ ئىنتىقام - قىساس .
بېشىن يەرگە ئۇرۇپ تۇرۇپ قىلدى قەسەمياد ،
ئۇيغۇرستان تەختى ـ بەختىن قىلماقتا بەربات .
ئات بېشىنى ئىلىبالىق تامانغا بۇردى ،
تۇغلۇق تۆككەن قان ئۈستىدە زور بەزمە قۇردى .
ئىلى دەريا بويىدىكى بۇ قەدىم شەھەر ،
ئىڭراپ قالدى قىلىچىدىن يۇتقاندەك زەھەر .
مۇڭلۇق ئىلى يۇيۇپ تۇرغان كوكۇلىسىغا ،
رەھىم قىلماي ئوت قويغانىدى خان ئوردىسىغا .
بۇ شەھەرنى يەر يۈزىدىن قىلدى - ئۇ بىنام ،
دەل - دەرەخكە ئېسىپ ئەلنى ، ئالدى ئىنتىقام!
ئاشكۆكىدەك ئۇرۇپ تۇرسا ، ئۆسۈپ تۇرغان ئەل ،
تەڭرى تاغنى پانا تارتىپ يېقىشتى مەشئەل .
بۇ دۇنيادا قاننىڭ قەرزى يامان بولىدۇ ،
يېتىم - يېسىر جاننىڭ ئەرزى يامان بولىدۇ ،
ئۆتمۈشتىن بىر ئادەت بارغۇ - قاننى يۇيار قان ،
قان ئۈستىگە ئولتۇرغان خان - غۇلايدۇ خاقان .
تاغۇ تاشتا مەرد يىگىتلەر ئوقيا بىلەشتى ،
مويىسىپىتلار ساقال سىلاپ ، نۇسرەت تىلەشتى .
پانا بولدى ئىسيانكارغا يەنە مازارلار ،
قىساس بىلەن قاناتلاندى ئەركەك زارلار .
ئۆچ ئېلىشنى ئىستىگەچكە بىگۇناھ قانلار ،
ۋادا بويلاپ كۆتۈرۈلدى سۈرلۈك چۇقانلار .
قانخور قاۋان يولنى توسسا قارلىق داۋانلار ،
يۇتماق بولۇپ ئوت پۈركەتتى دەشتۇ ـ ياۋانلار .

# ئون بەشىنچى ئەسىر

ئۇيغۇرىستان ، تارىخىڭدىن سۆزلەي رىۋايەت ،
بەختى ئۆچۈن كىملەر ساڭا قىلدى خىيانەت .
خولىن دېگەن تاغ بار ئىدى ئۇيغۇر ئېلىدە ،
تۇخۇلا ۋە سېلىنگالار ئاقار بېلىدە .
يۈيلۈن باتۇر بولغان چاغلار يۇرتقا پاسىبان ،
خىتاي خانى تەن زۇلۇمدىن تىترەتتى ھەريان .
تەنگە قارشى قوشۇن باشلاپ ماڭغاندا يۈيلۈن ،
"خۇدا ئوغلى" تىزىن پۈكۈپ ، ياپقانتى تون .
نازۇك قىزى جۇڭلەننى ئۇ قىلغانتى سوۋغا ،
تاجۇ ـ تەختتىن سوراپ ، قىزىن قويغانتى دوغا ...
خان مەلىكە ساراي سالدى بىلىبۇلىدا ،
بەخت " ئاسمان " چوققىسىنىڭ گۈلزار غولىدا .
ئەل ئىچىدە ئاشۇ " بەخت" تېغىغا تالىق ،
بىر گەپ بارتى ئۇيغۇر مەشھۇر بولۇشقا باغلىق .
بۇنى ئاڭلاپ ، تەن تەزىم قىپ ئۇيغۇر خەلقىگە .
"بەخت " تېغىن سورىغانتى قىزى ھەققىگە ،
ئاشۇ " بەخت " چوققىسىدى تەقدىر - تارازا ،
ئەل نارازى بولسا ، يۈيلۈن بولغانتى رازى ،
تەن خانلىقى " بەخت" تېغىن قۇرۇتتەك كولاپ ،
سەددىچىنگە توشۇغانتى قەغەزگە بولاپ .
تاغ توشۇلۇپ بولماي يۈيلۈن ئۆتتى ئالەمدىن .
شۇندىن بىرى بەختسىزلىك باشلاندى غەمدىن .

شۇندىن بىرى ئۇلۇغ ئەلنى ئەگىدى ئەلەم،
شۇندىن بىرى كۆز يېشىدىن يارالدى شەلدەم.
خىتاي خانى ئېلىپ كەتكەن ئۇنىڭ بەختىنى،
بەش يۈز يىللىق مۆرە تۇتقان تاجۇ - تەختىنى.
بۇ رىۋايەت چىنلىق بىلەن بىر گېزەك تۇغقان،
ئۇنىڭ بەختىنى ، ئۇنىڭ ئەركىن كىم ئېكەن بوققان.
بۇ چىنلىقتىن مىڭ خانلىقى چېنىپ كېتەرمۇ؟
تاغار - تاغار تىللاردىن تېنىپ كېتەرمۇ؟!
بۇ ئەسىردە ئەل غۇلىغان غۇربەت غارىغا،
كۆز يېشىدىن مۇزات مۇز بوپ قاتقان زارىغا.
كەلگۈندىلەر گۇتۇ قىلىپ ئەلنى تالاشتى،
ئۇيالماستىن پايدىسىغا بەگلەر پال ئاچتى.
بۇنچىۋالا ئۇنىڭ بەختى قارا بولمىسا،
نە بولاي يۈرەك - باغرى يارا بولمىسا.
نە بولاردى ياشىسا گەر ئۇ ئەل قاتارى،
كۈيلەپ ئۆتسە شادلىقنىمۇ دۇتار، ساتارى.
ياكى بارمۇ كەچۈرگۈسىز ئۇنىڭ خاتارى،
تۈنى بارمۇ، كۆرۈنمەيدۇ ھېچ تاڭ ئاتارى!

# ئون ئالتىنچى ئەسىر

يېغىر قىلدى ئەل يەلكىسىن غوجا يىغىسى،
ئۇيغۇر ئۈچۈن قايغۇرۇشتەك يالغان يىغىسى.
ئەلنى ئالداپ ، جان بېقىشتى ئۇلار دىن بىلەن،
قورقۇتۇشتى ئۆزلىرى جىن تۇرۇپ، "جىن" بىلەن.

نادانلىقتا بوغۇپ قويدى ئەلنىڭ پىكرىنى،
كېچە - كۈندۈز تۆر تالىشىپ سوقۇپ زىكرىنى.
بارچە بالا كەلدى ئاشۇ ساختا غوجىدىن،
تالاي قۇرۇق قالدى خەلقىم " ئۆلجىدىن."
ۋەھشىي تۈرۈك تاپىنىدا تاپلانمىغان يەر
تەخ تالاشقان غوجىلاردىن قىلغانتى ھەزەر.
قالماقلارغا بويىنىن باغلاپ كىرگەن غوجىلار،
شۇ ئىشلارنى ئويلاپ قالسام، قەلبىم مۇجۇلار.
مەخمۇد ئەزەم بۇخارادىن كېلىپ قەشقەرگە،
مۇسۇلمانلار پىرى بولۇپ، ئورالدى زەرگە.
سوۋغا قىلىپ بۆك - باراقسان سەينالىق جاينى،
قەشقەر بېگى بەردى قىزى ھۆر بىبىچاينى.
بىبىچايدىن ئىسھاق دېگەن تۇغۇلدى ئوغۇل،
ئاڭا قەشقەر ئەھلى بەردى مۇرىد بولۇپ قول.
مەخمۇد ئەزەم ئۆتسىمۇ بۇ پانىي ئالەمدىن،
ئۇيغۇرىستان قۇتۇلمىدى غەمدىن - ئەلەمدىن.
ئاتقا ئارتقان ئازابلارنىڭ باردەك چالىسى،
ئاتا ئىزىدىن بېسىپ قالدى يەتتە بالىسى.
ئىسھاق "قارا تاغلىقلار" نى قىلغانتى دىرى.
ئىشان كالان " ئاق تاغلىقلار" بولغانتى پىرى.
قۇرئان تۇتۇپ ھەر ئىككىسى ، دىننى قىلىپ پەش،
تەخت تالىشىپ باشلىغانتى چوڭ يىغى - كۆرەش،
بۇ يىغىنىڭ مەزلۇم ئۇيغۇر قۇربانى بولدى،
"ئۆلسەك شېھىت!" دەر غوجىلار ، دىن بانى بولدى:
مەن بۇلاقنى كۆرسەم ، دەيمەن ئىلىمنىڭ يېشى،
يەرگە تۆككەن ياشنى كۆرسەم، غوجا قىلمىشى.

ئاي ھۆسنىگە داغ سالغان شۇ - سالغان كۆلەڭگە،
غوجىلارنىڭ سۇلالىسىن قارغايمەن مەڭگۈ!
كەلگۈندىنىڭ بىغەرەزى، خالىسى بولماس،
كەلگۈندىلەر كەلمىسە، يۇرت نالىسى بولماس.
نېمە ھەققى بار ئۆزگىنىڭ ئەزىز بۇ يۇرتتا؟!
رەھمى يوقتۇ ئۇيغۇرىستان ئۆرتەنسە ئوتتا!
ئۇيغۇرىستان پاخال قىلار بازارىمۇ بۇ،
ئەلگە ئەجەل تېڭىپ كۆمەر مازارىمۇ بۇ!؟
نېمانچىلا ئەزىزلەرنى خارلىماق مۇنچە،
بۇ تۇپراقتىن باشقا يەرلەر تارمىكىن شۇنچە؟!
بىلىپ تۇرۇپ ئۇنچىقماستىن تۇرىدۇ دۇنيا،
شۇڭا مېنىڭ كۆزۈمدە ياش، دىلىمدا سىيا...

## ئون يەتتىنچى ئەسىر

ئۇيغۇرىستان تولا تارتتى غوجا دەردىنى،
غوجا ئەككەن ئەرك سۆيەر ئەلنىڭ قەددىنى!
تەتۈر تەقدىر تەنىسىگە تەن بەرگەن خەلقىم
"ئوڭچە ياشاش ئۈچۈن يوقمۇ؟ - دېمىدى - ھەققىم"!
ئاپئاق غوجا كەلگەن چاغدا قەشقەر شەھىرىگە،
يەتكۈزگەنتى تەرىپىنى ئاسمان قەھرىگە،
يىلتىز تارتىپ كۆپەيگەچكە ئۇنىڭ مۇرىدى،
كوچا - كويدا خانلىق دەۋا قىلىپ جورىدى.
ئىسمايىلخان قوغلىغاندا يېتىپ تەتىگە،

مۇرىتلىرى ئۆلگۈرمەستىن قالدى پەتىگە.
ئاپئاق غوجا كەشمىر تامان، بىرىپ تىبەتكە،
ياردەم سوراپ يەتمەك بولدى قارا نىيەتكە.
دالايلاما ئەسكەر بىرىپ غوجا قولىغا،
ئايلاندۇرماق بولدى ئۇنى سادىق قۇلىغا.
كۆپتىن بىرى ئارمان ئىدى قەشقەرنى ئالماق،
لەشكەر باشلاپ كەلدى ياۋۇز گالدىن خان قالماق.
ئىسمايىلخان قالماقلارغا قارشى جەڭ قىلدى،
باسقۇنچىلار يەركەن يىرىن لالىرەڭ قىلدى.
خائىن غوجام ئىككى قۇلى جەينەككىچە قان،
بىگۇناھ قان ئۈستىگە ئۇ ئولتۇردى بوپ خان.
ئۇيغۇرىستان ئەركى ئۈچۈن قىلغاچ خىيانەت،
دەپ قاغىدى: ساتقۇن غوجام، بارمۇ دىيانەت؟!
ئۇ ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن تەختنى بوشاتتى،
تەختكە ئىمىن ئولتۇرمايلا غوجام "تاش" ئاتتى.
ئاھ، ئاق كۆڭۈل ،جاپاكەشلەر يەنە ئاداشتى،
تەختتىن غوجام ۋاز كەچكەن بوپ، تەختكە ياماشتى.
غوجا ئۆلۈپ تەختى قالدى ئوغلى يەھياغا،
يەھيا غوجا ھەييار بولغان ئىدى تەييارغا.
ئۆز ئوغلىغا ئەپ بەرمەك بوپ تەييار ئولجىنى،
خانىم پاشا بوغۇزلاتتى يەھيا غوجىنى.
ئالتە ئاي ئۆتمەي ، توپىلاڭ قىپ مەجنۇن سوپىلار،
خانىم پاشا مۇردىسىغا چاچتى توپىلار...
توپىلاڭدىن ئوغرىلىدى ئاقباشخان توغاچ،
مىڭ سوپىنى بوغۇزلىدى قىلىپ يالىڭاچ.
تۆگمەن چاقى چۆرگىلەيتتى نوردىن ئاققان قان،

قانغا پېتىپ ، ئىڭراپ قالدى ئاھ، ئۇيغۇرىستان!

## ئون سەككىزىنچى ئەسىر

چەنلۇڭ خاقان چەللىدە ئات چاپقان بىر چاغلار،
ئىپەك يولىن تاغ بوپ توراپ ئالدى جۇڭغارلار،
چۇشلىرىگە ئايان بولۇپ بۇ گۈزەل ماكان ،
چەنلۇڭ چىشلەپ كالپۇكىدا ئۇيۇتقانتى قان .
دەباچىدىن داتلاپ قاچقان ئۇ ئامۇر - سەنا
گېزەندىلەر ئۇۋىسىدىن تېپىپ باش - پانا،
تاپان يالاپ ئالدى خاندىن ئەللىك مىڭ لەشكەر،
ھەر ئەسكەرگە ۋەدە قىلىپ تىللا تەڭگە - زەر.
قانسىرىغان قىلىچىنى تۇتۇپ يالىڭاچ ،
ئىلى تامان ئىتىلغانتى بۆرە كەبى ئاچ .
بۇ قۇيۇننى قايتۇرۇشنىڭ بولماي ئىلاجى ،
تەختنى تاشلاپ ئۇچتۇرپانغا قاچتى دەباچى .
جۇڭغارىيە ۋادىسىنى پاتۇرۇپ قانغا،
دەباچىنى قەپەسكە سەپ ئەۋەتتى خانغا.
ئۇيغۇرىستان بەختى ئۈچۈن قىلماق بولۇپ قەست ،
قەشقەرىيە زىمىنىگە قوزغىدى ھەۋەس .
بۇرھانىدىننى ئاۋاختىدىن قىلىپ ئۇ ئازاد
سەن " ئاقتاغ لىق" بولساڭ ، قىلغىن دېگەنتى غازات"!
بۇرھانىدىن لەشكەر باشلاپ بارسا قەشقەرگە،
مۇرتىلىرى تاۋاپ قىلدى باش قويۇپ يەرگە.
بوۋايدىن تا بوۋاققىچە" قارا تاغلىقنى"

چىچىپ ۋەھشىي ، يىپىپ قويدى قارا ياغلىقنى .
ئاق تاغلىقلار بۇ يىغىدا بولغاندا غالىپ ،
خوجايىنلار ئۆندى تەختكە ئەدىنىدۇر غايىب .
بەش لەك ئەسكەر باشلاپ كېلىپ جاۋخۇي گېنېرال ،
بۇرھانىدىن خانلىقىغا تۇغدۇردى زاۋال .
خان - غوجىلار چېكىنىشسە بەدەشخان تامان ،
قارشى ئالدى قىلىچ بىلەن جاھانگىر سۇلتان .
قانلار سىڭىپ بولماي ، قىلىچ چۆشمەستىن قىنىغا ،
ئەۋەتىلدى غوجىلارنىڭ بېشى بېيجىڭغا!
غوجىلارنىڭ يىغىسىدىن ۋەيران بولغان ئەل ،
مانجۇ ـ خىتاي تاپىنىدا يانجىلدى توگەل ،
ئۆچتۆرپاندا زالىملارغا باشلاندى كۆرەش ،
تەلەيسىزلەر بۇ سەپەرمۇ قالدى يەنە كەچ .
ئىككى مىليون خەقنى قىرىپ ، قۇردى تەختىنى ،
مانجۇ ـ خىتاي بوغدى شۇنداق ئۇيغۇر بەختىنى .
ئىككى مىليون شېھىت قېنى ياۋنىڭ بويىدا،
ئىككى مىليون ئوغلى ياتار بۇ يەر قوينىدا.
ئىككى مىليون پەرزەنت ئۆچۈن ئىبلىس قەرزدار،
ئۇيغۇرىستان مۇسىبەتتە تېخى هازىدار!
چوڭ ھەقىقەت: بۇ جاھانىنىڭ تەڭلەشمىگى تەس ،
كېرەككەنغۇ قەست قىلغاننى قىلىپ ئۆتمەك پەس!

# ئون توققۇزىنچى ئەسىر

ئەجداد ئۆلسە،ئەۋلادلىرى قالغانتى ئۆلمەي،
ئۆتەمدۇ ئۇ بىر ئەسىردە بىر قېتىم كۈلمەي.
ياۋلار بالا ـ چاقىلىرىنى ئالغاندا ئولجا،
بۇ خورلۇققا چىدىماستىن جاھانگىر غوجا،
غەزەپ بىلەن قانخورلارغا قارشى قوزغالدى ،
دەردمەن خەلق كەتمەن ـ گۈرجەك ، ئارىسىن ئالدى،
قوغلىغانىدى كەلگۈندىنى سۈرۈپ قەشقەردىن،
ئۆچ ئالماق بوپ ياۋ يىپىلدى بۇ باتۇر ئەردىن.
ئوت ئالغاندە هايات - مامات ئۇچۇن ئەلەڭگە،
نازۇكۇمۇ قورال تۇتۇپ، كىرگەندى جەڭگە.
قايسى ئەلنىڭ قىلىچ تۇتقان باتۇر قىزى بار؟!
بۇ تارىختا ئىپارخاندەك ئۆچمەس ئىزى بار؟!
كۈچى يەتمىگەندە ياردەم ئالدى بېيجىڭدىن،
يانا قانغا پاتتى زېمىن قۇتۇلماي چىندىن.
بېسىلغاندا ئېلىم دېگەن ئەرلەر جادۇغا،
يەتمىگەنتى هېچ كىم ئۇنىڭ ئاهۇ. دادىغا.
نەيزە سانجىپ تۇغ تىككەندى قۇتلۇق ماكانغا،
سەردارىنى قەپەس بىلەن ئەۋەتىپ خانغا.
قالغانلارنى ئىلى تامان ياۋلار يالىدى،
بېگۇنا ئەل ئايىغىنى ئىشكەل يالىدى.
يىگىتنى قۇل قىلىپ ، قىزنى بەردى قالماققا،
ئۇيغۇر نەسلىن يوق قىلماققا، ئەنتىن ئالماققا.
باتۇر نازۇك نومۇسچۇن ئۇ تىغ كۆتۈردى،
سۇلان قالماق زورلىغاندا ئۇنى ئۆلتەردى.

شۇڭا تەندىن جۇدا قىلدى مەغرۇر بېشىنى،
ئەمما، ياۋغا يالۋۇرمىدى تۆكۈپ يېشىنى.
قانغا پاتقان بېشىن كۆرۈپ ھەسرەت چەككەنلەر،
نامىزىدا قايغۇ بىلەن بېشىن ئەگكەنلەر.
قىساس ئالماق بولۇپ ياۋدىن، قىلدى قەسەمياد،
قىساس قۇشى ئىلى بويلاپ يايدى كەڭ قانات.
ياۋ ئەلىمى ئۆتكەن مەزگىل ئەلنىڭ جېنىدىن،
ئەل غەزىپى دەريا بولۇپ تاشتى قىنىدىن.
بۇ تاشقىننى ئۇلغايتتى داردامتۇ، كەتمەن،
ئارا ئۆستەڭ ، بۆلۈكەيۇ،قاينۇقلۇق دەردمەن.
ئاق بوز ئاتلىق سادىر پالۋان ئەلنىڭ سەردارى،
ئاڭا قىلىچ تۇتقازغانتى يامۇلى، دارى.

ياۋنى يانجىپ باياندايدا كامال تاپتى ئۇ،
چوڭ كۆرەنى ئېلىشتى زور ئامال تاپتى ئۇ.
چوڭ ئۆستەڭنىڭ سۈيىن باشلاپ سېپىل تۈۋىگە،
ئايلاندۇردى ئۆرۈپ ئۇنى ياۋنىڭ گۆرىگە.
ناغرا بىلەن بۇ ۋادىغا تارالدى شادلىق،
ئەسىر بويى ئارزۇ قىلىپ كۈتكەن ئازادلىق.
ئىنتىزار بوپ ئازادلىقنى كۈتكەنلەر ھەققى،
ئۇنىڭ ئىشقىدا تۇمار قىلىپ پۈتكەنلەر ھەققى.
ھەققى بارغۇ ئويناش ئۈچۈن شادلىق پەدىگە،
ھېچ كىم شېرىك بولمىغاچقا تارتقان دەردىگە.

# يىگىرمىنچى ئەسىر

ياشىرىماقتا جاھان بويلاپ تەشلىك ئاۋازى،
مەن ھەيرانمەن، ئۇيغۇرىستان ئاچماقتا ھازى.
سائادەتكە سىغىنغان ئەل بېشىدا سايە،
مەن ھەيرانمەن، تۆكۈلگەن قان كېتەرمۇ زايە؟
ئۇيغۇرىستان غەم -غۇسسىسى بولمامدۇ خالى،
مەن ھەيرانمەن، تۇتمامدىكىن قاننىڭ ئۇۋالى!؟
بۇ ئەسىردە نە سەۋدالار ئۆتمىدى باشتىن،
سوراپ كۆرگىن قاندىن قاتقان توپىدىن تاشتىن.
ئۆز ئېلىنى ئۆگەي قىلىپ، كىم ئۇ كۆچەرگەن؟
ئۇنىڭ يېنىپ تۇرغان شامىن پۈۋلەپ ئۆچەرگەن...
غوجا نىياز تىغ كۆتۈرسە، كىم ئۇندىن كەچگەن،
مۇشۇ ئەلنىڭ تەقدىرىنى كىم تەتۈر يەشكەن؟!
بۇ تۇپراقتا ئۇۋۇلىغان ئالدامچى خائىن
نە كۈلپەتلەر قىلمىدى ئەل بېشىغا تايىن.
قېنى ئەرك ئىستىگەن ئۇ شائىر لۇتپۇللا؟!
نېچۈك تىرىك كۆمۈلۈشكە بولدى مۇپتىلا!؟
نېچۈك بارماق چىشلەپ قاندىن شېئىر پۈتكەن ئۇ،
ئازادلىقتا ئاشنا بولۇپ، تەشنا كۈتكەن ئۇ.
باھار تەپتى كەلگەن چاغدا قوشنا - قاياشتىن،
ئەل ئويغىنىپ، باش كۆتۈردى نىلقىدىن، قاشتىن.
ئېلى بويىن تەۋرەتكەنتى ئەرك چوقىنى،
دېھقان ئارا كۆتەرگەنتى، تاشلاپ بۇقا ـ سوقىنى.
غېنى باتۇر قەسەمياد قىپ، مىنگەنتى ئاتقا،
غەزەپكارنى چاقىرىپ ئۇ قۇتلۇق غازاتقا.

قاچتى دۈشمەن كۆرۈنگەن چاغ ئۈنىڭ قارىسى،
جەڭگە كىرسە، قاش كىرپىكتەك ئۆلۈم ئارىسى.
ھەرەمباغقا ئات بېشىنى بۇرىغان چاغدا،
كەلگۈندىلەر جەھەننەمگە كەتكەنتى داغدا.
ياۋنى سۈرۈپ بارغان چاغدا ماناس بويىغا
توختاپ قېلىش كەلگەنمىدى ئۈنىڭ ئويىغا؟!
ئاق قاشقىسى تىزگىن سېرىپ تۇرغاندا كىشنەپ،
غېنى باتۇر " خەپ!" دېدى ـ دە، قالدى لەۋ چىشلەپ.
بىر دانىشمەن ئېزىلگەنلەر غېمىنى يېگەن:
"مۇداپىئە – قوزغىلاڭنىڭ ئۆلۈمى!" دېگەن.
ئاھ، ئازادلىق ، بۆشۈكىدە تۇرۇپ بوغۇلدى،
ئاشۇ يەردىن قارا كۈنلەر، بەلكىم تۇغۇلدى...!
ئاشۇ يەردىن باشلانغانتى بۇ بالا – قازا،
كىملەر ئۈچۈن كىملەر ئاچتى شۇنداق چوك ھازا؟!
بۇ سېھىرگەرلىك تارىخ ئۈچۈن ئەمدى سىر ئەمەس،
ئەزىز باشقا چۈشكەن سەۋدا يالغۇز بۇ ئەمەس...!
پېشانىسى شور بولمىسا، قاچامدۇ ئامەت؟!
شور بولمىسا ، نېمە دېگەن پۈتمەس نادامەت؟!
شور بولمىسا، ئازادلىققا ئېگە چىقامدۇ،
ئازادلىقنى تۇنجۇقتۇرۇپ، قانغا مىنەمدۇ.
قۇتلۇق جەڭگە ، بۇ ۋەتەنگە بولغانلار ساھىب،
بىر ئاجايىپ، غۇلىغان بوپ، بولامدۇ غايىب؟!
بىز بىلمىز، نەدىن كەلگەن بالا – قازا بۇ،
بەختىمىزنى قارا قىلغان ھەسرەت – ھازا بۇ!
بىز بىلمىز دېسەك بىر چاغ ، كۆيگەن تىلىمىز،
بىز بىلمىز ، سېزىپ تۇرار ئۈنى دىلىمىز...!

خەن خانىنىڭ چوڭ مۇرىدى - كەنجە " خۇداسى"،
يەر يۈزىنىڭ يالاپ تويماس زور ئەجدىھاسى.
بەختىمىزنى غاجاپ ئالەم ئارا پەس قىلغان،
شۇ بۇتپەرەس پېيىمىزنى قىيغان، قەست قىلغان.
ئەركىمىزنى بوغۇپ ، بىزنى قىلغان شۇ ۋەيران، "
گادايلىقنى بەخت مۇشۇ " دېسە، مەن ھەيران.
قىزىل بايراق تۇتۇپ قولدا، قىزىل قان تۆكسە،
ئاشا تاۋاپ قىلمىغانىنىڭ بېلىنى پۈكسە،
ئازادلىقتا ئېرىشكەنىنىڭ ئەركىنى بۇلاپ،
كۈلۈپ تۇرسا، گادايلىق ۋە قۇللۇقنى زورلاپ،
قۇياش ئەمەس، قاتىل دەيدۇ ئەلنى بوققاننى،
بۈركۈت ئەمەس قۇزغۇن دەيدۇ كۆزنى چوقىغاننى.
بىر قولىدا قىزىل بايراق، بىرىدە جادا،
ھەجەپ بولدى، ئۇيغۇرىستان قالامدۇ داغدا.
ھەجەپ بولدى، قىزىل بايراق - قولىدا قالقان،
يالغان، يالغان قۇياش تۈگۈل شامىلىغى يالغان!
"جىن چىراغدەك" تۇرۇپ، ئۆزىن دەيدۇ ئۇ مەشئەل،
تۇرسا ھاشدا تەڭلىك تېڭى ئاتقان تالاي ئەل!
جاللاتلىقتا ستالىننى يولدا قويدى ئۇ،
ئەجدىھاغا ئىخلاسمەنىنىڭ شۇملىغىمۇ شۇ.
ئاڭلا ئالەم، قانچە ئەسىر بولدى مۇڭقەرز،
ئاڭلىمايسەن ئۇيغۇرىستان ساشا قىلسا ئەرز!
ئازادلىقنى ھەركىمىڭ ئۇ دېسە ئۆز ئىشى،
مەزلۇم ئەلنىڭ ئاھ - نالىسى تۇتامدۇ يېشى؟
بۇ دۇنياغا غوجا بولۇش بولسا خاھىشى،
ئەمەسمۇ ئۇ بۇ جاھاننىڭ چوڭ بىر تەشۋىشى؟!

قىزىل تونىنى يېپىنغان ئاچ شاكسەن بۆرىسى
بولماق ئىستەر بۇ ئالەمنىڭ تەنها تۆرىسى.
ئارمان قىلىپ تۇرسا مەلئۇن مۇدھىش ئۇرۇشنى،
دانىشمەنلىك دەپ بولامدۇ قاراپ تۇرۇشنى!؟
تەكلىماكان، لوپنۇر ئۇنىسىز ئىڭراپ تۆكەر ياش،
ئاھ، ئەۋلادى مەجرۇھ بولسا، بۇ قانداق چىداش!
زوزۇڭتاڭنىڭ ئەرۋاھىنى رازى قىلدى ماۋ،
ئۇيغۇر تۇگۇل ئالەم ئەھلى ئۇچۇن ئۇ چوڭ ياۋ...!
چا ئېلاننى ئاياپ، ئاق سۈت بەرسەڭمۇ ئەگەر،
ئاق سۈتۈڭدىن ئىشلەپ چىقار ئاقنۇەت زەھەر!

## يىگىرمە بىرىنچى ئەسىر

### خاتىمە

ئۇيغۇرىستان بۇ ئەسىردە بولمايدۇ ئەسىر،
ئۇ قەشقەرنى ئاستانە قىپ قۇرىدۇ قەسىر.
ئۇيغۇرىستان بۇ ئەسىردە بولمايدۇ بىتاب،
بۇ ۋەتەننى نۇرغا قاپلاپ چىقىدۇ ئاپتاپ.
ئۇيغۇرىستان ئەمدى ئەمەس ھېچ قۇرۇق ئەمچەك،
ئەمدى چىقماس ئازادلىققا ئۇ " قارا چېچەك."!
ئازادلىقتىن ئارتۇق بەخت بارمۇ جاھاندا؟!
ئالتۇن قەپەس ئىچرە سايرار قۇشمۇ پىغاندا.
تىلىگەنگە كۆكتىن چۈشمەس ھەرگىز ئازادلىق،
ئاھ، ئازادلىق قانچە شېرىن، قانچىلىك تاتلىق!

سورىغانغا بەرمەس ياۋلار تاجۇ ـ تەختىڭنى ،
كىملەر ئىدى ئوغرىلىغان سىنىڭ بەختىڭنى؟
تىلىگەنگە بەخت كەلمەس ، كەلمەس سائادەت ،
رەقىبلەرنى كۆرۈپ يۈرمەك قانچىلىك چوڭ دەرد .
ئۇيغۇرىستان ئۆز قولۇڭدا تۇرار تەقدىرىڭ ،
پاكلانمايدۇ قاندا يۇماي مۇقەددەس يېرىڭ .
ھەر كىمگە ھەم كىندىك قېنى تامغان يەر تاتلىق ،
ئۆز ئېلىڭچۈن كۈرەش قىلساڭ بولماس خاتالىق .
ئازاتلىقچۈن كۈرەشكەنلەر تېرروررىست ئەمەس ،
تېرروررىستلار" تېرروررىست" دەر ، ئەمما ئەل دېمەس .
ئېرىك ئۈچۈن ، تەڭلىك ئۈچۈن كېرەك زەرىپ ئالماس ،
ئەجدادلاردىن بىزگە قالغان كۈرەشمەك مىراس!
جاندىن كەچمەي يېتىپ بولماس ، دەيدۇ جانانغا،
ئازاتلىقچۈن ئەلەم تۇتۇپ ، جار سال جاھانغا.
شۇ چاغ جاھان جور بولىدۇ ئىزگۈ يولۇڭغا،
شۇ چاغ بەخت قۇشى قونار سىنىڭ قولۇڭغا.
ئەسىر بويى سائادەتكە سىغىنغان بۇ ئەل ،
ئۆز ئەركىنى ئۆز قولىدا تۇتقان شۇ مەھەل .
ئېغىنايمەن توپىسىنى تۇتىيا بىلىپ ،
ئۇلۇغلايمەن شاملىرىنى مەن زىبا بىلىپ .
سۇمرۇق قۇشتەك قانات كەرسە ئاقۋاش تىيانشان ،
بۇ بەختتىن ، بۇ ئەركتىن دەيدۇ ئەل نىشان .
قەشقەر قويسا مەخمۇد بىلەن يۈسۈپكە ھەيكەل ،
بېشىن ئېگىش ئۈچۈن كېلەر بارچە ئەل تۈگەل .
ھېيىتكاغا نۇر تۆكۈپ تۇرسا گۈزەل ئىپارخان ،
نازۇگۈمنىڭ قامىتىگە پىدا بولار جان .

باياندايدا بۈركۈت كەبى قەد كەرسە سادىر،
قارشىسىدا مويۇنچۇرخان تۇرار باھادىر.
ھەرەمباغقا غېنى باتۇر بېرىدۇ سۆلەت،
ئۇنى كۆرۈپ يۈرمەكلىكنىڭ ئۆزى چوڭ دۆلەت.
لۇتپۇللانىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان گۈلباغ،
ئادەملەرنىڭ ئايىغىدىن ئايرىلماس ھەر چاغ.
ئۇ گۈلشەندە شائىرلاردىن ئېلىپ ئىمتىھان،
شائىر بولساڭ، ئەل ئىشقىدا دەيدۇ كۆيۈپ يان!
بىلال بازىم نامىدىكى شۇ چوڭ مەدرىس،
ناۋايىدىن ، نىزارىدىن ئۆتىدۇ دەرس.
مايىمخاننىڭ يېشى تامغان ئىلى دەرياسى،
ساھىلىدا ياڭرار ئەلنىڭ نەغمە - ناۋاسى.
گۈزەل تەلكە، يېشىل مەخمەل يېيىلغان سايرام،
جەننەت دەرگاھ ئاتىلىدۇ ئالغىنى ئارام.
تەلكىنىڭ تىك داۋانىدا تۇرۇپ ئەۋلادلار،
ئېلاخۇننىڭ روھىن خوش قىپ نامىنى ياتلار.
دەريا بولۇپ ئېقىپ تۇرسا نىفىت مايتاغدىن،
ئوينىغاننى كۆتۈرىدۇ چىقماستىن باغدىن.
باشقا بالا بولمىسىلا ئۇران، ئالتۇنى،
بۇ جاھاننى بېقىپ چىدار ئۇنىڭكى خۇنى.
تەڭرى تېغىن تەھى قىلىپ تۇرسا زېمىنى،
بۇنداق ئەلدە ئارزۇ قىلار ئادەم نېمىنى؟!
باغدا بۇلبۇل، تاغدا كەكلىك سايرايدۇ تىنماي،
ئېيتىڭلارچۇ ، ئالەم ئارا بارمۇ مۇنداق جاي؟
سورىساڭلار مېنى مۇشۇ ۋەتەن پەرزەنتى،
ئۇنى ئۇنتۇپ، قارا يۈز بوپ، ئۆتەيمۇ ئەمدى.

ۋەتەن ئىشقى ياقا يۇرتتا ئۆره يۇرگىنىم ،
ئۇنتۇغىنىم - شۇ ئەمەسمۇ مېنىڭ ئۆلگىنىم .
ئۆز ئىلىنى ئۇنتۇغانغا ئوردېن بېرىلمەس ،
مۇرتەتلەرنىڭ ئۆلۈك قەلبى يېنىپ تىرىلمەس .
قورقۇنچاقلار خائىن كىلەر، ۋىجدانسىز - ساتقۇن ،
ساتقۇنلارنىڭ دەردىدىن بۇ يۇرەك باغرىم خۇن ،
مېنى مازار شەيخ قىلماس بىر كۈن ئۆلۈمەن ،
ئەل ئەركىنى كۆرمەي ئۆلسەم ، گۆردە ئۆرىمەن!
ئازادلىقنىڭ ئىشقى بىلەن ئۆرتەنگەن قۇشمەن ،
تەڭلىك كۈنىن كۆرسەم شادلىقىمدىن بىھۇشمەن .
ئېرىك دېگەن - قىساس قۇشى كەبى قاناتلىق ،
ئېزىلگەن ئەل كۈرەش بىلەن ئالار ئازادلىق!
بالىلىقتا باشلانغانتى بەختكە ئىخلاس ،
بالىلىقتا " شىۋىقەدرى" كۆرگەنلىكىم راست .
مۇشتۇمدەك ئوت ئۇچۇپ ئۆتكەن چاغدا بېشىمدىن ،
ئاشۇ ئاخشام دادام كەتمەي قويغان قېشىمدىن .
ساقىلىنى سىيپاپ تۇرۇپ شورلۇق شۇ دادام ،
دېگەن: " بەخت بىزگە ئەمدى باقىدۇ، بالام"!
دادام يالغان سۆزلىمەيدۇ ، بەخت باقىدۇ ،
سۇ بىر ئاققان ئېرىقتا ئۇ يەنە ئاقىدۇ!
دادام يالغان سۆزلىمەيدۇ، ئېتىقادىم زور،
كۈرەش بىلەن بەختىن بىر كۈن تاپىدۇ ئۇيغۇر!
بۇ تۇپراقتا قاندىن رەڭ ئېپ ئېچىلغاندا گۈل .
شۇ چاغدىلا ئېچىلىدۇ بۇ سۇنۇق كۆڭۈل .
سۈبھى سەھەر كىرپىكىمدە كوچا سۈپۈرسەم ،
شاتلىغىمدىن ئاقسا يېشىم، سۇ قىلىپ سەپسەم .

ۋەتەن دەردىن تارتىپ رەڭگىم بولسىمۇ سامان،
ئازادلىقنى كۆرۈپ ئۆلسەم، قالامدۇ ئارمان؟!
ئۆلسەم ، دوستلار ، كۆمسە ئىلى دەريا بويىغا،
بۇ ئارمىنىم ۋەتەنداشنىڭ كىلىپ ئويىغا.
شاۋقۇننى ئاڭلاپ ياتسام، بولاتتىم رازى،
رازى ئىدىم يارۇ - دوستلار ئاچمىسا هازى.
رازى ئىدىم ، شىۋاق ئۇنسە مۇڭلۇق قەبرەمدە،
رازى ئىدىم، ياتقىنىمچۇن قۇتلۇق ۋەتىنىمدە!!!

1973 ـ يىل ئالمۇتا

2011. 04. 07